ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تىل - ئەدەبىيات

1- قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئابدۇسەمەد

ئىخلاس نەشرىياتى

# تىل - ئەدەبىيات

1- قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئابدۇسەمەد



ئىخلاس نەشرىياتى

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىنى قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بىرىپ ئالغۇم كېلۇر.
ئى ئانا تىل، بىزگە سەن ئۇلۇغلاردىن قالغان نىشان،
سەن بىلەن روھىي زېمىندا ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

قۇتلۇق ھاجى (1876 — 1938)



# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز........................................ 1
1 ـ بۆلەك ........................................3.
1. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ....................4.
2. ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان....................9.
3. رەببىم ئاللاھتۇر..............................14.
4. ئانا تىلىمنى سۆيىمەن...........................19.
ئاساسىي مەشىق....................................23.
2 ـ بۆلەك..........................................27.
5. جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا.................28.
6. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ...........................33.
7. مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى...........................39.
8. ئەڭ چوڭ نېئمەت...................................45.
ئاساسىي مەشىق.......................................50.
3 ـ بۆلەك............................................55.
9. شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مەشھۇر مۇجاھىد سادىر پالۋان 56
10. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىم پادىشاھنى مات قىلىشى..62
11. گەر سورىساڭ.......................................67.
12. ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى............................72.
ئاساسىي مەشىق.......................................76.
4 ـ بۆلەك............................................81.
13. ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.....................82.
14. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم........................86.

15. كېسەل يوقلاش.............................91
16. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئايال پادىشاھنىڭ قىسسىسى 96
ئاساسىي مەشىق.............................102
5 ـ بۆلەك.............................107
17. ئۇيغۇر باللار قوشاقلىرى.............................108
18. ساۋاتسىزلىق.............................113
19. دوستلار ھەققى.............................118
20. ئالما.............................124
ئاساسىي مەشىق.............................131
6 ـ بۆلەك.............................137
21. ئۇيغۇر تىلىم.............................138
22. سۆز ئويۇنلىرى.............................143
23. ئىككى قېرىنداش.............................151
24. ئاكا ـ ئۇكا.............................158
ئاساسىي مەشىق.............................162
ئومۇمىي مەشىق.............................169



ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن

# كىرىش سۆز

ئەقىللىق دوستۇم، «ئېلىپبە»نى تۈگىتىپ، ئانا تىلىڭىزنى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىش ئۈچۈن قولىڭىزغا «تىل ـ ئەدەبىيات» كىتابىنى ئالغىنىڭىزدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق. ئاللاھ تائالا ئىلمىڭىزگە بەرىكەت ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن.

قەدىرلىك دوستۇم، ئۇيغۇر تىلىمىز ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئاتا قىلغان بۈيۈك ئىنئامى ۋە مەھمۇد قەشقەريي بوۋىمىزغا ئوخشاش ئۆز ئانا تىلىمىزنى بىزگە ساپ ھالەتتە قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ئالىملىرىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسىدۇر. ئۇشبۇ قىممەتلىك بايلىق ئارقىلىق دىنىمىز ۋە مىللىتىمىزگە بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىپ، سىزگە بۇ ھەدىيەنى سۇندۇق.

قولىڭىزدىكى بۇ «تىل ـ ئەدەبىيات» تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن ئاساستا تۈزۈلدى:

1. مەزمۇنلىرى بۇزۇق ئەقىدىلەردىن خالىي ھالدا، ئىسلامىي بىلىملەر ئاساس قىلىندى.

2. سۆز ـ جۈملىلەرنى يېشىشقا ماسلاشتۇرۇلدى.

3. «بىلىملەر خەزىنىسى» بۆلىكىدە تېكىستتىكى قىيىنراق سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلدى ھەمدە تېكىست بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت ـ ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بېرىلدى.

4. كۆنۈكمە ـ مەشىقلىرىنىڭ مول ۋە سەرخىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى.

مېھرىبان ئاللاھ قولىڭىزدىكى بۇ «تىل ـ ئەدەبىيات» كىتابى ئارقىلىق سىزنىڭ پاك قەلبىڭىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغۇسى، دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ بۈيۈك خىزمەتلەرنى قىلىش يولىڭىزدا ياخشى بىر ياردەمچى قىلىپ بەرگۈسى.

ـــ تۈزگۈچىدىن

# 1 ـ بۆلەك



## 1. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـــ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىنتايىن سادىق ۋە تولىمۇ پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. قۇرئانغا ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلاتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەربىر سۈننىتىگە ئەگىشەتتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ يولىدىكى ھىجرەتكە ئاتلانغاندا كاپىرلار كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئۇلار بۇنى بىلىپ بىر غارغا يوشۇرۇنۇۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەنلىكتىن غارغا كىرىپلا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پۇتىنى چايان

چىقىۋالدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مىدىرلىمىدى. لېكىن، پۇتى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغانغاندا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ:

ــــ ئى ئەبۇبەكرى، نېمە بولدۇڭ؟ ــــ دەپ سورىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــــ ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى چايان چېقىۋالدى، ــــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ چايان چاققان يەرگە تۈكۈرۈپ قويغانىدى، پۇتىنىڭ ئاغرىقى شۇئان توختاپ قالدى.




1. تېكىستنىڭ بىرىنچى ئابزاسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئاڭلاپ يېزىپ بېقىڭلار.

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمە ئۈچۈن غارغا يوشۇرۇنۇۋالدى؟

(2) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە سەۋەبتىن ئۇخلاپ قالدى؟

(3) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پۇتىنى چايان چېقىۋالغاندا قانداق قىلدى؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار:

پەيغەمبەر: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

پەزىلەتلىك: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

ھىجرەتكە: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

مىدىرلىمىدى: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

شۇئان: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ئەگەشمەك:

ئەمەل قىلماق:

6. سىلەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە يەنە قانداق قىسسىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

❖ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ـــ ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن.

❖ ھەزرىتى ـــ «ھۆرمەتلىك»، «ئالىيجاناب» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

❖ غار ـــ تاغلاردا شەكىللىنىپ قالغان بىر بوش ئورۇن، ئۆڭكۈر.

❖ شۇئان ـــ دەرھال، شۇ زامان.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ بۈگۈن قايسىڭلار روزا تۇتتۇڭلار؟ ــــ دەپ سورىغاندى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــــ مەن، ــــ دېدى.

ــــ قايسىڭلار جىنازا نامىزىغا قاتناشتىڭلار؟ ــــ دەپ سورىغاندى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــــ مەن، ــــ دېدى.

ــــ قايسىڭلار بىر مىسكىنگە تائام بەردىڭلار؟ ــــ دەپ سورىغاندى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــــ مەن، ــــ دېدى.

ــــ قايسىڭلار كېسەل يوقلىدىڭلار؟ ــــ دەپ سورىغاندى، يەنە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــــ مەن، ــــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرسەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ كىمكى مۇشۇ ئىشلارنى بىر كۈندە قىلغان بولسا جەننەتكە كىرىدۇ، ــــ دېدى. (مۇسلىم توپلىغان)



## 2. ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان

نۇرغۇن يىللار بۇرۇن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ پادىشاھى كاپىر ئىدى. كۆپچىلىك ئۇيغۇرلار خاتا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخانمۇ ھەم مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى.

ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان 12 ياش ۋاقتىدا ئەبۇ ناسىر دېگەن ئالىم بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن ئەبۇ ناسىردىن ئىسلام بىلىملىرىنى پىششىق ئۆگەندى.

كېيىن ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان تۈركىستاننى فەتىھ قىلىپ ئىسلامىي دۆلەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ئىسلام بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگەنگەندىن سىرت، قىلىچۋازلىق، ئوقيا

ئېتىش ۋە ئات مىنىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىدى.

ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان 25 ياشقا كىرگەندە جەڭگە ماھىر مۇسۇلمانلارنى باشلاپ جەڭ قىلىپ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كاشغەرنى فەتىھ قىلدى ۋە كاشغەردە ئىسلام شەرىئىتى ئورناتتى. ئاندىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جىھاد قىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىمۇ فەتىھ قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتى ئورناتتى.

شۇنىڭ بىلەن، ۋەتىنىمىز شەرقي تۈركىستان دۇنيادىكى كۈچلۈك ئىسلامي دۆلەتكە ئايلاندى. ۋەتىنىمىزدىكى خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئىسلام دەۋىتىنى يايدى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بەختكە ئېرىشىشىگە سەۋەب بولدى.




1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇڭلار ۋە ئەڭ ئاخىرىدىكى ئىككى ئابزاسنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان تۇغۇلۇشىدىنلا مۇسۇلمان ئىدى. (   )

(2) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان قىلىچۋازلىقنى بىلگەن بىلەن ئات مىنىشنى بىلمەيتتى. (   )

(3) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كاشغەرنى فەتھ قىلغان. (   )

(4) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان ئىسلام بىلىملىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. (   )

4. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

(1) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان تۈركىستاننى ______ قىلىپ ئىسلامىي دۆلەت قىلىش ئۈچۈن ______قا دۇئا قىلدى.

(2) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ______ قىلىپ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىمۇ فەتھ قىلىپ، ______ شەرىئىتى ئورناتتى.

(3) ۋەتىنىمىز شەرقىي ______ دۇنيادىكى كۈچلۈك ئىسلامىي دۆلەتكە ئايلاندى.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار:

خاتا (　　　　)

پىششىق (　　　　)

كېيىن (　　　　)

ياخشى (　　　　)

كۈچلۈك (　　　　)

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

تونۇشماق:

ئۆگەنمەك:

كۈچلۈك:

7. سىلەر يەنە قانداق مەشھۇر مۇسۇلمان كىشىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ دىن ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ ئېتىقاد — ئەسلى مەنىسى «ئىشىنىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام دىنىمىزدا «ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ھېچبىر شەك قىلماستىن ئىشىنىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.


❖ ماھارەت — بىرەر ئىشنى دائىم قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن قابىلىيەت ۋە ئىقتىدار.

❖ كاشغەر — ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى بولۇپ، كېيىنچە تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىپ «قەشقەر» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

❖ فەتھە — دىن دۈشمەنلىرى بېسىۋالغان يۇرت ياكى زېمىننى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش.

2. تۆۋەندىكى ئايەتنى يادلىۋېلىڭلار:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر ۋە غالىبتۇر» (سۈرە ھەج 40 ـ ئايەت).




## 3. رەببىم ئاللاھتۇر

رەببىم ئاللاھتۇر،
چەكسىز مېھرىبان.
ئىنساننى شۇنچە،
ئەزىز ياراتقان.

شېرىكى يوقتۇر،
بۈيۈك، تەڭداشسىز.
بارچە مەخلۇقنى،
قىلغان نۇقسانسىز.

ئاتا قىپ بىزگە،
بۈيۈك نېئمەتنى.
قۇرئان ۋە سۈننەت،
ئىمان، ئىسلامنى.

ھىدايەت نۇرى،
چىچىپ قەلبىمگە.
بىلدۈردى ھەقنى،
باشلاپ جەننەتكە.

رەببىم ئايرىما،
ھەقتىن، ئىماندىن.
يىراق قىل دائىم،
مەلئۇن شەيتاندىن.

سەندىن ئۆزگە بىر،
يوقتۇر ھېچ ئىلاھ.
ساڭىلا قۇلمەن،
ئى رەببىم ئاللاھ!




1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن

بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

مېھرىبان: مېھ + رى + بان

شېرىكى:

تەڭداشسىز:

ھەمدىلەر:

ھىدايەت:

ئىماندىن:

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ئەزىز:

ھەق:

دائىم:

4. تۆۋەندىكى كۇپلېتنى راۋان جۈملە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

رەببىم ئايرىما،

ھەقتىن، ئىماندىن.

يىراق قىل دائىم،

مەلئۇن شەيتاندىن.

جۈملە شەكلى: ________________________________

________________________________.

5. (1) يۇقىرىقى شېئىردا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان قانداق نېئمەتلىرى سۆزلەنگەن؟

(2) ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە يەنە قانداق نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ رەب — ① پەرۋىش قىلغۇچى، تەربىيىلىگۈچى؛ ② ھال ـ ئەھۋاللارنى ئوڭشىغۇچى؛ ③ ئىتائەت قىلىنغۇچى؛ ④ ئىگە، خوجايىن.

❖ ئەزىز — ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە، قەدىرلىك. (ئەگەر ئەرەبچىدە «ال» قوشۇلۇپ «ئەلئەزىز» دەپ كەلسە، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، «ئەڭ غالىب» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.)

❖ شېرىكى — تەڭدىشى، ئوخشىشى، باراۋىرى.

❖ نېئمەت — ① ياخشىلىق؛ ② خۇشاللىق؛ ③ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، بەخت ـ سائادەت.

❖ سۈننەت — پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېتىقادى، سۆزى ۋە ئەمەلىنى كۆرسىتىدۇ.

❖ چەكسىز — ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ھېسابسىز.

❖ ئازغۇن — توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن.

❖ ھىدايەت — ① توغرا يول؛ ② يېتەكلەش، يول باشلاش.

2. تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى يادلىۋېلىڭلار:

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە شۇرا 11 ـ ئايەت).

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ بۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (سۈرە نىسا 13 ـ، 14 ـ ئايەتلەر).




# 4. ئانا تىلىمنى سۆيىمەن

ئى قەدىرلىك ئۇيغۇرتىلى! سەن مېنىڭ ئانا تىلىمسەن. مەن سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئانام سەن ئارقىلىق ماڭا ئىسلامنى ئۆگەتتى، مۇسۇلماننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى؛ ئاللاھنىڭ رەببىم ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبىرىم ئىكەنلىكىنى، ئىسلامنىڭ دىنىم ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى. ئانام يەنە سەن ئارقىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلسام ئاللاھ رازى بولىدىغانلىقىنى، يامان ئىشلارنى قىلسام ئاللاھ نارازى بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى.

ئى ئانا تىلىم! مەن سەندىن شۇنچىلىك پەخىرلىنىمەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزلەرگە كاتتا ياخشىلىق ئاتا قىلىپ، سېنى مۇسۇلمان تىلى قىلىپ بەردى. ئانام سەن ئارقىلىق ماڭا پەيغەمبىرىمنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇلارنىڭ ئېسىل

پەزىلەتلىرىنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلدىم؛ باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى دۈشمەنلەردىن قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى تارتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئۇلاردىن تولىمۇ پەخىرلەندىم.

ئى ئانا تىلىم! بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، دۈشمەنلىرىمىز سېنى يوقىتىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىۋاتىدۇ، چۈنكى سەن يوقالساڭ مەن دىنىمنى ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن مەھرۇم قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ دۈشمەنلىرىمنى مەغلۇپ قىلىشىم تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سېنى يوقىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن سېنى چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىمەن، ئاتا ـ ئانام ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىمنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمەن.




1. تېكىستنى ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇرتىلى ئارقىلىق ئاناڭلارنىڭ سىلەرگە يەنە نېمىلەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. سىلەر يۇقىرىقى تېكىستتىن نېمىنى چۈشىنىۋالدىڭلار؟

4. بىرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.

باتۇر: ( بالا ) ( ) ( ) ( )

ئىسىل: ( كىتاب ) ( ) ( ) ( )

5. تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەر تەركىبىدىكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى تېپىپ ئاستىدىكى بوش ئورۇنغا يېزىڭلار:

(1) يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر.

______ بىلەن ______.

(2) دوستقا ئىناق بول، دۈشمەندىن يىراق (بول).

______ بىلەن ______.

(3) دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

______ بىلەن ______،

______ بىلەن ______.

(4) باتۇر بىر قېتىم ئۆلىدۇ، قورقۇنچاق مىڭ قېتىم ئۆلىدۇ.

______ بىلەن ______.

(5) بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر.

______ بىلەن ______.

6. ئانا تىلىمىزنى ياخشى ئۆگەنسەك دىنىمىز ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قانداق خىزمەتلەرنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ قەدىرلىك ــــ ھۆرمەتلىك، ئەزىز.

❖ پەخىرلەنمەك ــــ بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسىدىن مەمنۇن بولماق، شۇ ئارقىلىق خۇشاللانماق.

❖ ئاتا قىلماق ــــ بەرمەك، نېسىپ قىلماق، ئىنئام قىلماق.

❖ ئۈلگە ــــ كىشىلەر ئۇنى دورايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئادەم ياكى نەرسە.

❖ مەھرۇم قىلىش ــــ يوقىتىپ قويۇش، ئېرىشەلمەسلىك.

2. تۆۋەندىكى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىڭلار:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
ئى ئانا تىل، بىزگە سەن ئۇلۇغلاردىن قالغان نىشان،
سەن بىلەن روھىي زېمىندا ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

قۇتلۇق ھاجى (1876 ــــ 1938)

# ئاساسىي مەشىق

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانداق كىشى ئىدى؟

(2) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پۇتىنى چايان چېقىۋالغاندا نېمە ئۈچۈن مىدىرلىمىدى؟

(3) ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان قانداق جەڭ ماھارەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن؟

2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇپ بېقىڭلار:

(1) بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنتايىن ______ كەتكەنلىكتىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ______ قالدى.

(2) ۋەتىنىمىزدىكى خەلقلەرمۇ ______ بولۇپ، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ______

دەۋتىنى يايدى.

(3) ئى ئانا تىلىم! مەن سەندىن شۇنچىلىك پەخىرلىنىمەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزلەرگە كاتتا ________ ئاتا قىلىپ، سېنى ________ تىلى قىلىپ بەردى.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

(1) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئانغا ھەر ۋاقىت ئەبۇبەكرى ئەمەل قىلاتتى

________________________________________

________________________________________.

(2) سۇلتان ساتۇق بۇغراخان پىششىق بىلىملىرىنى ئۆگەندى ئىسلام

________________________________________.

(3) ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا ئۇ ئېيتتى.

________________________________________.

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ۋە توغرا قويۇڭلار. (تىنىش بەلگىلىرى كېلىدىغان ئورۇنلارغا ــــ بەلگىسى قويۇلدى.)

(1) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ــــ

ــــ بۈگۈن قايسىڭلار روزا تۇتتۇڭلار ــــ ــــ دەپ سورىغانىدى ــــ

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ~

~ مەن ~ ~ دېدى~

(2) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ~ ~ ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر~ ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر~ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر~ ~

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىپ بېقىڭلار:

| | | |
|---|---|---|
| توغرا | ( | ) |
| دوست | ( | ) |
| ياخشى | ( | ) |
| ئىسسىق | ( | ) |
| قاتتىق | ( | ) |

6. تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىسىنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| ھىدايەت | دەرھال |
| نېئمەت | ئېرىشەلمەسلىك |
| شۇئان | توغرا يول |
| مەھرۇم قىلىش | ياخشىلىق |
| چەكسىز | ھېسابسىز |

7. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇشۇ خىل شەكىلدە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئۇ ئىسلام بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگەنگەندىن سىرت، قىلىچۋازلىق، ئوقيا ئېتىش ۋە ئات مىنىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىدى.

ئۇ ________________ نى ياخشى ئۆگەنگەندىن سىرت، ________________ نىمۇ پىششىق ئىگىلىدى.

(2) كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

كىمكى ________________، ئاللاھ ئەلۋەتتە ________________.

# 2 ـ بۆلەك



## 5. جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا

سۇمەييە ئانىنىڭ ئىسمائىل، ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھمان دېگەن ئۈچ كىچىك ئوغلى بار بولۇپ؛ ئۇلار ناھايىتى پاكىز، ئەقىللىق ۋە كۆيۈمچان چوڭ بوپتۇ.

بىر كۈنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئۇلارغا:

— ساۋاقداشلار، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن. دېمەك، ئەگەر بىز ئانىمىزغا ھەر ۋاقىت ياخشىلىق قىلساق، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەمدە بولساق ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساق، ئاللاھ تائالا بىزنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، — دەپتۇ. ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئانىمىز بىزنى ھەقىقەتەن ئېغىر جاپالاردا بېقىپ چوڭ قىلدى، بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئانىمىزغا كۆيۈنۈشىمىز ۋە ئىشلىرىغا ياردەملىشىشىمىز كېرەككەن، — دەپ ئويلاپتۇ ۋە

ئۆيگە قايتىپ ئانىسىغا ياردەملىشىش قارارىغا كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆيگە بېرىپ ئۆي ئىچىنى تازىلاپ، سۈپۈرۈپ، رەتلەپ پاك ـ پاكىز قىلىۋېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا سۇمەييە ئانا كېلىپ قاپتۇ. ئۆي ئىچىنىڭ ناھايىتى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ماشائاللاھ ئەقىللىق باللىرىم! ئىش قىلىشىپ بەرگىنىڭلاردىن بەك خۇش بولدۇم، سىلەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! — دەپتۇ. ئۇلارمۇ ئانىسىنىڭ خۇش بولغىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئانا، سىز خۇش بولسىڭىز ئاللاھمۇ بىزدىن خۇش بولىدىكەن، شۇڭا بۇندىن كېيىن بىز سىزگە تېخىمۇ كۆپ ياردەملىشىپ بېرىمىز، — دەپتۇ.




1. تېكىستنىڭ «بىر كۈنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن يېرىدىن «ئانىسىغا ياردەملىشىش قارارىغا كەپتۇ» دېگەن يېرىگىچە مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە چىرايلىق ۋە

توغرا يېزىپ بېقىڭلار.

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) بىز ئانىمىزغا قانداق قىلساق ئاللاھ تائالا بىزنى جەننەتكە كىرگۈزىدىكەن؟

(2) ئۇچەيلەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق قىلدى؟

(3) سۇمەييە ئانا ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە باللىرىغا نېمە دېدى؟ باللىرىچۇ؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۇملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ياخشىلىق:

(2) ياردەم:

(3) رازى:

5. سىلەر ئۆيدە ئاناڭلارغا نېمە ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار ۋە يېزىپ بېقىڭلار.

6. سىلەر «ئانا» توغرىسىدا قانداق شېئىر ياكى نەشىد بىلىسىلەر؟ ئوقۇتقۇچى ـ ساۋاقداشلىرىڭلارغا ئوقۇپ بېرىڭلار.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ كۆيۈمچان — كۆيۈنىدىغان، مېھرىبان، رەھىمدىل.

❖ مۇئامىلە — كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش، پوزىتسىيە، مۇناسىۋەت.

❖ ماشائاللاھ — كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىرەرسىنىڭ بىر ئىشنى ئىنتايىن ياخشى قىلغانلىقىنى ماختاش ۋە مەدھىيىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

❖ رازى بولۇش — مەمنۇن بولۇش، خۇرسەن بولۇش.

❖ قارار — بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان نىيەت، پىكىر، ئىرادە.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مەن ئەڭ ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشى كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاناڭ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

— ئاناڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

— ئاناڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ئاندىن قالسىچۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاتاڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان)




## 6. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بىر كېچىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا كېتىۋېتىپ سەل نېرىدىكى بىر ئوتقا كۆزى چۈشتى ۋە يېقىنلىشىپ بېرىپ قارىسا بىر ئايالنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە ئۇششاق بالىلار يىغلىشىپ ئولتۇراتتى، ئوتنىڭ ئۈستىدە بىر قازان قايناۋاتاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىراقتىن سالام بېرىپ، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئىجازەت سورىدى ۋە:

ــ سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىرەر ئېھتىياجىڭلار بارمۇ؟ ــ دېگەنىدى، ئۇ ئايال:

ــ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، قاراڭغۇ ۋە سوغۇقتا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق، ــ دەپلا قويدى. ئۇ ئايال بۇ كىشىنىڭ خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ بالىلار نېمىگە يىغلاۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سورىغانىدى، ئۇ

ئايال:

ــ نېمىشقا بولاتتى، ئاچلىقتىن شۇ... ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ قازاندا نېمە بار؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ سۇدىن باشقا نەرسە يوق، باللار ئۇخلاپ قالارمىكىن دەپ مۇشۇنداق قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىراش مېڭىپ خەزىنىگە كېلىپ ئۇن ۋە ياغنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىسى:

ــ ئى خەلىپە! مەن كۆتۈرەي، ــ دېگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەجبا قىيامەت كۈنى گۇناھلىرىمنى كۆتۈرەلەمسەن؟ ــ دېدى ۋە تېز ـ تېز مېڭىپ ئايالنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۆزى تاماق ئېتىپ باللارغا يېگۈزۈپ ئۇخلىتىپ قويدى. ئاندىن ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىپ بېقىڭلار.

2. تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ كېچىسى يولدا كېتىۋېتىپ نېمىنى كۆردى؟

(2) بالىلار نېمىشقا يىغلىغان ئىدى؟

(3) ئۇلارنىڭ يەيدىغانغا هېچقانداق نەرسىسى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ قانداق قىلدى؟

(4) خىزمەتچى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئۈشنىسىدىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ نېمە دېدى؟

4. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا هۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرنەچچە ئۇششاق بالىلارنىڭ قىشىدا بىر ئايالنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. (  )

(2) بالىلار بىر ـ بىرىدىن ئويۇنچۇق تالىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى. (  )

(3) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى تاماق ئېتىپ بالىلارغا يېگۈزۈپ ئۇخلىتىپ قويدى. (  )

5. تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

(1) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىراقتىن __________ بېرىپ، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا بېرىشقا __________ سورىدى.

(2) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق __________ كەتتى ۋە ئالدىراش مېڭىپ __________گە كېلىپ ئۇن ۋە ياغنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ماڭدى.

(3) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەجىبا __________ كۆنى گۇناھلىرىمنى كۆتۈرەلەمسەن؟

ــ دېدى.

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

مەجبۇر بولۇش:

كۆتۈرمەك:

7. سىلەر يەنە قايسى ساھابىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بارلىقىنى ياكى ئۇلارنىڭ دىن يولىدا قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ خەلىپە ـــ ئەسلى مەنىسى «ئىزباسار»، «ئورۇن باسار» دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام دىنىدا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى ۋە رەھبىرىنى كۆرسىتىدۇ.

❖ ئىجازەت ـــ رۇخسەت.

❖ ئېھتىياج ـــ بىرەر نەرسىگە ھاجىتى چۈشۈش، موھتاج بولۇپ قېلىش.


❖ چۆچۈپ كەتمەك ـــ قورقماق، ئالاقزادە بولماق.

❖ خەزىنە ـــ مال ـ مۈلۈك ياكى باشقا مۇھىم نەرسىلەرنى ساقلايدىغان مەخسۇس جاي، ئامبار.

❖ ئۆشنە ـــ مورە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئمىننىڭ دۇنيا قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ؛ كىمكى قېرىندىشىغا ياردەم قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇ بەندىگە ياردەم قىلىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).



# 7. مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،
رەببىمگە سادىق.
جاپالارنى يېڭىمەن،
بولۇپ چىدامىلىق.

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،
قۇرئان دىلىمدا.
ئەسلەپ ئاللاھنى دائىم،
زىكىر تىلىمدا.

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،
نامازغا ئامراق.
ئۆز ۋاقتىدىن قالدۇرماي،
ئوقۇيمەن ھەر ۋاق.

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،
قەيسەر، چىدامچان.
ئاللاھ رازىلىقىغا،
تەييارمەن ھامان.

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،
تىرىشچان، ئىشچان.
ئاتا ـ ئانامغا دائىم،
بولۇپ يانمۇيان.




1. بۇ شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.
2. مۇسۇلمان پەرزەنتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بېرىلگەن ئۆلگىگە ئاساسەن بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

يېڭىمەن: يې + ڭى + مەن

رەببىمگە:

مۇسۇلمان:

تىلىمدا:

تىرىشچان:

ئىشچان:

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

يەڭمەك:

ئەسلىمەك:

دائىم:

5. تۆۋەندىكى كۇبلېتنى راۋان جۈملە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

مەسىلەن:

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،

رەببىمگە سادىق.

جۈملە شەكلى: مەن رەببىمگە سادىق بىر مۇسۇلمان پەرزەنتى.

مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى،
نامازغا ئامراق.
ئۆز ۋاقتىدىن قالدۇرماي،
ئوقۇيمەن ھەر ۋاق.

جۈملە شەكلى: ________________________

________________________.

6. تۆۋەندە بېرىلگەن رەسىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:



(1) بۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

________________________.

(2) مۇسۇلمانلارغا كۈندە قانچە ۋاق ناماز پەرز؟ ئۇلار قايسىلار؟

________________________

________________________.

(3) مۇسۇلمان نېمە ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدۇ؟

________________________________________

__________________.

(4) سىز يەنە قانداق نەپلە ناماز ۋە سۈننەت نامازلارنى بىلىسىز؟

________________________________________

________________________________________

__________________.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ سادىق — سەمىمىي، راستچىل.

❖ چىداملىق — قىيىنچىلىق ۋە جاپالارغا چىدىيالايدىغان، سەۋرچان.

❖ دىل — كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك.

❖ زىكىر — ① (ئاللاھنى) ئەسلەش، (ئاللاھنى) ئويلاش؛ ② سۆزلەش.

❖ قەيسەر — باتۇر، ئىرادىلىك، جەسۇر.

❖ ھامان — داۋاملىق، توختىماي، دائىم.

❖ تىرىشچان — ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل تىرىشىپ ئىشلەيدىغان.

❖ ئىشچان — ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق.

❖ يانمۇيان — يېقىن.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى يادلىۋېلىڭلار.

❖ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

❖ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ھايا قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان ئەھلى جەننەتكە كىرىدۇ؛ سەت گەپ قىلىش قوپاللىقتۇر، قوپاللار دوزاخقا كىرىدۇ» (تىرمىزى توپلىغان).



# 8. ئەڭ چوڭ نېئمەت

بىر كۈنى ئەھمەد مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن:

ــــ ساۋاقداشلار، ئاللاھنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتى نېمە، قايسىڭلار دەپ بېرەلەيسىلەر؟ ــــ دەپ سورىدى. ساۋاقداشلاردىن بىرى:

ــــ ياخشى ۋە خۇشال ـ خۇراملىق كۈنلەرنى ئاتا قىلغانلىقى، ــــ دېگەنىدى، يەنە بىرەيلەن:

ــــ بىزنى خار ھايۋان ئەمەس، بەلكى ئىنسان قىلىپ ياراتقانلىقى، ــــ دەپ جاۋاب بەردى. ئەھمەد مۇئەللىم:

ــــ ئاللاھ ئىلىمىڭلارنى زىيادە قىلىپ بەرسۇن! بولارمۇ ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرى قاتارىدىن، ئەمما قارىساڭلار قىيامەت كۈنى دوزاختا ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان، دۇنيادا ئاللاھقا ھېچ ئىمان ئېيتماي بارلىق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ھاياتتا

خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتىدۇ، ـــ دېگەندى، زەكەرىيا بۇ گەپلەرنى دەرھال چۈشەندى ـ دە:

ـــ مەن بىلدىم مۇئەللىم، ئەڭ چوڭ نېئمەت ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى مۇسۇلمان قىلغانلىقى ئىكەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. ئەھمەد مۇئەللىم مەمنۇن بولۇپ:

ـــ ماشائاللاھ زەكەرىيا! توغرا جاۋاب بەردىڭ. ساۋاقداشلار، بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ مۇئمىن ـ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا گەرچە نۇرغۇن كاپىرلارغا بۇ دۇنيادا ياخشى كۈنلەرنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ياخشىلىقلارنى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇراملىق كۈنلەردە بولسۇن ياكى قىيىنچىلىق كۈنلەردە بولسۇن ھەر ۋاقىت ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئاللاھ نارازى بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز، ھەربىر ئىشىمىزدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشىمىز كېرەك، ـــ دېدى.




1. تېكستنىڭ «بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ مۇسۇلمان ـ مۇئمىن بولغانلىقىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتىدۇر» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

2. تېكستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. ئەھمەد مۇئەللىم سورىغان سوئالغا ئۇچەيلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟ قايسىسىنىڭ بەرگەن جاۋابى توغرا؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ياخشى:

دەرھال:

ئەگەشمەك:

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

(1) ھەقىقەتەن ئېرىشتى بەختكە مۆئمىنلەر

________________________.

(2) ئىمان مەن ئاللاھقا كەلتۈردۈم.

________________________.

(3) ھەر ۋاقىت قىلىدۇ مۆئمىن ئىش ياخشى

________________________.

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار.

نېئمەت: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

ئىلىمنىڭلارنى: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

مەئسىيەت: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

سەللاللاھۇ: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

7. بىز مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار. (تېكىستتە سۆزلەنمىگىنى بولسىمۇ بولىدۇ.)

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ مەئسىيەت ــــ ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلار، گۇناھ، خاتالىق.

❖ خار ــــ قىممەت ـ ئېتىبارى يوق، قەدىرسىز.

❖ زىيادە ــــ تېخىمۇ كۆپ.

❖ ئازاب ــــ ① دەرد ـ ئەلەم. ② قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت. ③ تېكىستتە قوللىنىلغان «ئازاب» ئاللاھ تائالانىڭ دوزاختىكى جازاسىنى كۆرسىتىدۇ.

2. تۆۋەندىكى ئايەتنى يادلىۋېلىڭلار:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» (سۈرە ھەج 40 ـ ئايەت).

# ئاساسىي مەشق

**1.** تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ( )

ئا: ئايەت ئە: ھەدىس ب: ئالىملارنىڭ سۆزى

(2) «كۆيۈمچان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ( )

ئا: باتۇر ئە: راستچىل

ب: مېھرىبان

(3) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ( )

ئا: پەيغەمبەر

ئە: مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى

ب: ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى فەتھە قىلغان كىشى

(4) مۇسۇلمان پەرزەنتى دېگەن ( )

ئا: نامازغا ئامراق بولۇشى كېرەك.

ئە : دائىم باشقىلار بىلەن ئۆرۈشۈشى كېرەك.

ب : ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى كېرەك، ئەمما مۇئەللىملىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىقى كېرەك.

(5) ئاللاھنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتى بولسا ( )

ئا : پۇل

ئە : ئېسىل تۇرمۇش

ب : بىزنىڭ مۇئمىن ـ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» ناملىق تېكستتە ئەنەس بىلەن بىلالنىڭ يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. ( )

(2) «مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى» ناملىق شېئىردا مۇسۇلمانلار نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇسىلا بولىدىغانلىقى، ھۆرۈن ۋە قورقۇنچاق بولسىمۇ بولۇۋېرىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. ( )

(3) ئەگەر ئانىمىز بىزدىن خۇش بولسا، ئاللاھ تائالامۇ بىزدىن رازى بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ( )

(4) «رەبىمگە سادىق» دېگەن سۆزلەر بەش بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. ( )

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە بوغۇم ئىكەنلىكىنى يېزىپ بېقىڭلار.

ئەقىللىق (   )، كۆيۈنۈشىمىز (   )، رەتلىك (   )، يىغلىشىپ (   )، ئېھتىياجىڭلار (   )، ئۇخلاپ (   )، ئۆشنىسىگە (   )، ھەمدۇ ـ سانا (   )

4. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇشۇ خىل شەكىلدە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئاللاھ تائالا بىزنى خار ھايۋان ئەمەس، بەلكى ئىنسان قىلىپ ياراتتى.

______________ ئەمەس، بەلكى ______

______________.

(2) كىمكى قېرىندىشىغا ياردەم قىلسا، ئاللاھ ئۇ بەندىگە ياردەم قىلىدۇ.

كىمكى ______________، ئاللاھ ______

______________.

5. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

بارلىق — (   ) (   ) — كۆتۈرۈش
بارلىق — (   ) (   ) — كۆتۈرۈش
بارلىق — (   ) (   ) — كۆتۈرۈش

6. تۆۋەندىكى ئىككى قۇردىكى سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| ئىمان | بولۇش |
| چىداملىق | بېغىش |
| جاپالارنى | ئېيتىش |
| ھەمدۇ | قىلىش |
| ياردەم | سانا |

7. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار.

(ئەخلاقى، مۇسۇلماننىڭ، نېئمەت، ئاستىدا)

(1) جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ___________.

(2) كىمكى بىر __________ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ.

(3) سىلەرنىڭ ياخشىلار _______ گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر.

(4) ئەڭ چوڭ ________ ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقانلىقى.

8. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

كېچە ـ كۈندۈز چېكىلدايدۇ،

تىلى بىر خىل لىكىلدايدۇ.

توختايدىغان يېرى يوق،

ئاشىدىغان قىرى يوق.

ماڭسا يولى تۈگىمەيدۇ،

بىر ئورۇندا چۆرگىلەيدۇ.

بىزگە كېرەك بىر نېمە،

ئېيتىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

9. «مېنىڭ دادام» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# 3 ـ بۆلەك



## 9. شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مەشھۇر مۇجاھىد سادىر پالۋان

سادىر پالۋان تولىمۇ باتۇر ۋە مەزلۇملارغا كۆيۈمچان مۇجاھىد ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپلا جاپا ـ مۇشەققەتتىمۇ، راھەتتىمۇ ئۆز مۇسۇلمان خەلقى بىلەن بىللە بولاتتى.

سادىر پالۋان كاپىرلارغا قارشى قىلغان جەڭلىرىدە بىر نەچچە قېتىم ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما زىندانغا سولانغاندا ھەر قېتىم دېگۈدەك قېچىپ كېتىپ، ئۆز جىھادىنى داۋاملاشتۇرغان ئىدى. سادىر پالۋان زالىملارغا بولغان كۆرەشلىرىنى ئىپادىلەپ تۆۋەندىكىدەك قوشاقلارنى ئىجاد قىلغان ئىدى:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،

ئون بەش ياشتا ئاتالغان.

دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،

قۇمۇل ۋاڭغا پالانغان.

يامۇلدا تولا يېتىپ،

چېچىم بىر قۇچاق بولدى.

يامۇلنى تېشەر چاغدا،

قوۋۇرغا پىچاق بولدى.

سادىر پالۋان ئوق ئېتىشتا مەرگەن، جەڭگە كىرگەندە كۆپ دۈشمەنگە تېتىيدىغان پەھلىۋان جەڭچى ئىدى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ جەڭ مەيدانىغا چىقسا قارشىسىدىكى دۈشمەنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ چۈشەتتى.

ئۇنىڭ ئاللاھقا ۋە ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتى كۈچلۈك، ئاللاھ يولىدىكى جىھادتا شىجائەتلىك ۋە ئۆز مۇسۇلمان خەلقىگە كۆيۈمچان بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان خەلقى ھازىرغىچە ئۇنى ياد ئېتىپ ۋە مەدھىيىلەپ كەلمەكتە.




1. تېكستنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئاڭلاپ يېزىپ بېقىڭلار.

2. تېكستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) سادىر پالۋان قانداق ئادەم؟

(2) سادىر پالۋان كاپىرلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ زىندانغا سولانغاندا قانداق قىلغان؟

(3) سادىر پالۋاننىڭ زالىملارغا بولغان كۈرەشلىرىنى ئىپادىلەپ ئىجاد قىلغان قوشقىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەمسىز؟

(4) شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۇنى ياد ئېتىدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

كۆيۈمچان:

كۈچلۈك:

5. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) سادىر پالۋان زالىملارغا كۆيۈمچان مۇجاھىد ئىدى. ( )

(2) سادىر پالۋان گەرچە جەڭدە شىجائەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئوق ئېتىشنى بىلمەيتتى. ( )

(3) سادىر پالۋان جەڭ مەيدانىغا چىقسا، قارشىسىدىكى دۈشمەننىڭ قەلبىگە قورقۇنچ چۈشەتتى. ( )

(4) سادىر پالۋاننىڭ ئاللاھقا ۋە ئىسلامغا بولغان مۇھەببىتى كۈچلۈك ئىدى. ( )

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بىرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

كىچىككىدىن: كى + چى + كى + دىن

بىللە:

زالىملارغا:

پەھلىۋان:

شىجائەتلىك:

## بىلىملەر خەزىنىسى

**1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.**

❖ پالۋان ــــ ① كۈچلۈك، باتۇر، جەسۇر؛ ② قارىغا ئېتىشقا ماھىر، مەرگەن.

❖ زالىم ــــ كىشىلەرگە جەبىر ـ زۇلۇم سالىدىغان، زوراۋان، رەھىمسىز، زومىگەر.

❖ ئەسىرگە چۈشمەك ــــ ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەنگە تۇتۇلۇپ قالماق.

❖ زىندان ــــ زەي ۋە قاراڭغۇ قاماقخانا، تۈرمە.

❖ كۈرەش ــــ ① بىر ـ بىرىگە قارشى بولغان ياكى دۈشمەن بولغان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇش. ② جەڭ.

❖ يامۇل ــــ خىتايچىدىن ئۆزگىرىپ كىرگەن سۆز بولۇپ، خانلىق دەۋردىكى ناھىيە، ۋىلايەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى.

❖ مەرگەن ــــ ئوق ئاتقاندا نىشانغا دەل تەگكۈزەلەيدىغان،

ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئادەم.

❖ پەھلىۋان ــــ پالۋان.

❖ ياد ئەتمەك ــــ ئەسلىمەك، سېغىنماق.

❖ مەدھىيىلىمەك ــــ ماختىماق، كۈيلىمەك.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» (سۈرە فەتىھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

❖ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرگە رەھىم قىلمايدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم تويلىغان).



## 10. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زالىم پادىشاھنى مات قىلىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىنتايىن زالىم بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتى، ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئاللاھقىلا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ كەلدى. پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن:

— ئى ئىبراھىم، سېنىڭ رەببىڭ كىم؟ — دەپ سورىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ رەببىم پەقەت ئاللاھتۇر! — دەپ جاۋاب بەردى.

پادىشاھ:

— ئاللاھ دېگەن كىم؟ — دەپ سورىغاندى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــــ ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدىغان زاتتۇر، ــــ دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ:

ــــ مەنمۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيمەن، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيمەن، ــــ دېدى ۋە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئىككى ئادەمنى چاقىرىپ كېلىپ، بىرىنى ئۆلتۈرۈپ يەنە بىرىنى قويۇپ بەردى. ئاندىن كۆرەڭلىگەن ھالدا:

ــــ قانداق، مەنمۇ ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرەلەمدىكەنمەن؟

ــــ دېدى. پادىشاھنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى كۆرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــــ ئاللاھ كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، ئەگەر سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك بولساڭ قېنى ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن، ــــ دېگەنىدى، پادىشاھ ھېچقانداق گەپ قىلالماي مات بولدى.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستتە بېرىلگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن زالىم پادىشاھنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلغان ئاساستا جانلىق ۋە توغرا ئوقۇپ بېقىڭلار.

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) زالىم پادىشاھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئاللاھقىلا سەجدە قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قانداق قىلدى؟

(2) زالىم پادىشاھ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن «ئاللاھ دېگەن كىم؟» دەپ سورىغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

(3) زالىم پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى سۆزىگە قارىتا گەپ قىلالماي مات بولدى؟

4. تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇپ بېقىڭلار:

(1) مېنىڭ ______ پەقەت ئاللاھتۇر!

(2) ئاللاھ ________نى تىرىلدۈرەلەيدىغان، تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدىغان زاتتۇر.

(3) ئاللاھ ______نى شەرقتىن چىقىرالايدۇ.

5. تېكىستكە قارىماي تۇرۇپ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ بېقىڭلار. (تىنىش بەلگىلىرى كېلىدىغان ئورۇنلارغا ____ بەلگىسى قويۇلدى.)

پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ____

____ ئى ئىبراھىم ____ سېنىڭ رەببىڭ كىم ___ ____ دەپ سورىغاندا ____ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ____

____ مېنىڭ رەببىم پەقەت ئاللاھتۇر ____ ____ دەپ جاۋاب بەردى

___ پادىشاھ ___

____ ئاللاھ دېگەن كىم ___ ____ دەپ سورىغانىدى ___ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ___

____ ئاللاھ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ___ تىرىكنى ئۆلتۈرەلەيدىغان زاتتۇر ___ ____ دەپ جاۋاب بەردى.

6. سىز ئاللاھ تائالانىڭ بۇ تېكىستتە بىرىلمىگەن يەنە قانداق سۈپەتلىرىنى بىلىسىز؟

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ مات بولماق ــــ باشقىلارغا يېڭىلىپ قىيىن ئەھۋالدا قالماق.

❖ قۇدرەتلىك ــــ ئىنتايىن كۈچلۈك.

❖ كۆرەڭلىمەك ــــ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماق، تەكەببۇرلاشماق.

2. تۆۋەندىكى ئايەتنى يادلىۋېلىڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرىدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر» (سۈرە فەتىھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).



# 11. گەر سورىساڭ

گەر سورىساڭ ئاللاھنى،
ئۇ كۆيۈمچان رەھماندۇر.
كائىناتنى رەھمەت قىپ،
توغرا يولغا سالغاندۇر.

گەر سورىساڭ پەيغەمبەر،
ئۇ بىر بۈيۈك ئىنساندۇر.
دۇنيالىقتىن ھەم دىندىن،
كامىل تەلىم بەرگەندۇر.

گەر سورىساڭ كىتابىم،
ئۇ تەڭداشسىز قۇرئاندۇر.
ئىككى ئالەم دەستۇرى،
بىزگە مىراس بولغاندۇر.



## كۆنۈكمە

1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

2. تۆۋەندىكى تىرناقنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ تولدۇرۇڭلار.

رەببىم __________تۇر.

پەيغەمبىرىم ____________ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

دىنىم __________دۇر.

ئەڭ بۈيۈك كىتابىم _________دۇر.

مەن بىر ____________.


3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) توغرا:

(2) سوراش:

4. ئۆزۈڭلار ياخشى بىلىدىغان شېئىردىن بىرنى جانلىق ئوقۇپ بېرىڭلار.

5. بېرىلگەن رەسىمگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:



(1) رەسىمدىكى بالا نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

________________________.

(2) بۇ بالا نېمە ئۈچۈن بۇ كىتابنى ئوقۇيدۇ؟

________________________.

(3) بۇ كىتابنى ئوقۇشنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى ۋە پايدىسى بار؟

________________________

________________________.

(4) سىزمۇ بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۇرامسىز؟ كۈندە قانچە بەتتىن ئوقۇيسىز؟

________________________________________.

(5) بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا قانداق ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك؟

________________________________________

________________________________________

________________________________________.

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1) «قۇياش»نىڭ ئاخىرى نېمە؟

(2) سىزگە تەۋە بولغان، لېكىن سىزگە قارىغاندا باشقىلار بەكرەك قوللىنىدىغان نەرسە نېمە؟

(3) «كەل ـ كەل» دېسەم كەلمەيدۇ،

«كەلمە» دېسەم كېلىدۇ.

(4) سائەت قانداق ۋاقىتتا ماڭمايدۇ؟

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ رەھمان ـــ ناھايىتى شەپقەتلىك زات.

❖ كائىنات ـــ پۈتۈن ئالەم.

❖ كامىل ـــ تولۇق، مۇكەممەل.

❖ تەلىم ـــ كۆرسەتمە، يوليورۇق.

❖ دەستۇر ـــ كىتاب، قوللانما.

❖ مىراس ـــ بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەردىن كېيىنكىلەرگە قالغان قىممەتلىك نەرسە.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «<رەببىمنىڭ ئاللاھ، دىنىمنىڭ ئىسلام، پەيغەمبىرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولغانلىقىدىن رازىمەن> دېگەن ھەرقانداق كىشى چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).



# 12. ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى

(نەسىردىن ئەپەندىم لەتىپىلىرىدىن)

نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ تولىمۇ ئىلىملىك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم؛ قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنى بىلمەي قالدىم. ماڭا بىر مەسلىھەت بىرىڭە!

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلار بولسا ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ، سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.



## كۆنۈكمە

1. بۇ تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. يۇقىرىقى تېكىستنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئاڭلاپ يېزىپ بېقىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

ساقلاشنى:

مەسلىھەت:

چىقىرىۋېتىڭ:

4. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا قانداق ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ياكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەرنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقى توغرىسىدا قانداق قىسسىلەرنى ۋە ياكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ماقال ـ تەمسىللەرنى بىلىسىلەر؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

سوراش:

ساقلاش:

6. زېھىن سىناش ئويۇنى ئوينايلى.

ئەپەندىم پالۋاننى قانداق يەڭدى؟

ئىنتايىن كۈچلۈك بىر پالۋان بار بولۇپ، ئۇ: «مەن يوغان بىر كالىنى كۆتۈرۈپ تامنىڭ ئۈستىدىن ئۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزىۋېتەلەيمەن» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا ئىككىمىز بەسلىشىپ باقايلى» دەپتۇ ـ دە، يانچۇقىدىن بىر تال قولياغلىق چىقىرىپ: «بۇ ئىنتايىن يېنىك نەرسە، بۇنى ئېتىپ تامنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ باققىن» دەپتۇ.

ئۇ ئادەم شۇنچە كۈچەپ ئاتسىمۇ قولياغلىقنى تامنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزەلمەپتۇ. ئاندىن ئەپەندىم قولياغلىقنى ئېلىپ بوشلا ئاتقانىكەن، قولياغلىق تامنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەپەندىم قولياغلىقنى قانداق ئاتقان؟

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ دۈچ كەلمەك ـــ ئۇچرىماق، يولۇقماق.

❖ يادىدا ساقلىماق ـــ ئېسىدە تۇتماق.

❖ دەررۇ ـــ دەرھال، تېزلا.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ». (سۈرە بەقەرە 215 ـ ئايەت)

❖ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار». (سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت)

❖ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر قېرىندىشىغا ياردەم قىلسىلا، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە ياردەم قىلىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).




1. «شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مەشھۇر مۇجاھىد سادىر پالۋان» ناملىق تېكىست بىلەن «گەر سورىساڭ» ناملىق شېئىردىكى «بىلىملەر خەزىنىسى» پارچىسىدە بىرىلگەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئىملا، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا چىرايلىق يېزىپ بېقىڭلار.

2. ئۆگەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

(1) سادىر پالۋان ______ ئېتىشتا مەرگەن، ______گە كىرگەندە كۆپ دۈشمەنگە تېتىيدىغان پەھلىۋان جەڭچى ئىدى.

(2) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرگە ________ قىلمايدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدۇ».

(3) «گەر سورىساڭ كىتابىم،

ئۇ تەخداشسىز قۇرئاندۇر» دېگەن مىسرالار ___________

ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان.

(4) بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ______________

لار بولسا ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ، سىز باشقىلارغا قىلغان

__________لىرىڭىز بولسا ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ.

(5) ئاللاھ بىزنىڭ رەببىمىز، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بىزنىڭ ____________، ئىسلام بىزنىڭ ____________،

قۇرئان كەرىم بىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك كىتابىمىزدۇر.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

(1) توغرا:

(2) ئوچۇق:

(3) كەڭ:

4. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) سادىر پالۋان جەسۇر، شجائەتلىك، ئەمما دائىم

يۇۋاشلارنى بوزەك قىلىدىغان كىشى ئىدى. (  )

(2) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى پادىشاھ باشقىلارنى پەقەت ئاللاھقىلا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتى ۋە ئىنتايىن تەقۋا ئىدى. (  )

(3) «مات بولماق» دېگەن — باشقىلارغا يېڭىلىپ قىيىن ئەھۋالدا قالماق دېگەنلىكتۇر. (  )

(4) نەسىردىن ئەپەندىم تولىمۇ ئىلىملىك كىشى ئىدى. (  )

(5) زالىم دېگەن — زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى دېگەنلىكتۇر. (  )

5. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

ياخشى — (  ) (  ) (  )

ياخشى — (  ) (  ) (  )

ياخشى — (  ) (  ) (  )

گەپ — (  ) (  ) (  )

6. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) سادىر پالۋان (  )

ئا: زىنداندا سولانغاندا ھېچقاچان قاچالماي دۈشمەنلەرگە ئەل بولغان.

ئە: بىرنەچچە قېتىم ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما

زىندانغا سولانغاندا ھەر قېتىم دېگۈدەك قېچىپ كېتىپ، ئۆز جىھادىنى داۋاملاشتۇرغان.

ب: مۇسۇلمان خەلقىگە كۆيۈمچان ئىدى، ئەمما جەڭ مەيدانىغا چىققاندا دائىم دۈشمەندىن قورقۇپ قاچاتتى.

(2) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى توغرا؟ ( )

ئا: زالىم پادىشاھ ئاخىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئالدىدا مات بولدى.

ئە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى پادىشاھ ھەقىقەتەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلىدى.

ب: زالىم پادىشاھ كۈننى غەربتىن چىقىرالىدى.

(3) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى نەسىردىن ئەپەندى ئېيتقان سۆز؟ ( )

ئا: بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلار بولسا ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ، سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ.

ئە: دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم؛ قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنى بىلمەي قالدىم.

ب: ئاللاھ كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، ئەگەر سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك بولساڭ قېنى ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن.

(4) «ئىلىملىك» دېگەن سۆزنى بوغۇمغا ئايرىپ يازساق: (    )

ئا: ئى + لىم + لىك

ئە: ئى + لم + لك

ب: ئى + لىم + لىك

(5) «ھىدايەت نۇرى،

چېچىپ قەلبىمگە.

بىلدۇردى ھەقنى،

باشلاپ جەننەتكە» دېگەن مىسرالار: (    )

ئا: «رەببىم ئاللاھتۇر» ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان.

ئە: «مەن مۇسۇلمان پەرزەنتى» ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان.

ب: «گەر سورىساڭ» ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان.

7. ئۆزۈڭلار يادقا بىلىدىغان ئىسلامىي شېئىردىن بىرنى جانلىق ئوقۇپ بېقىڭلار. (نەشىد بولسىمۇ بولىدۇ.)

8. «بىزنىڭ سىنىپ» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# 4 ـ بۆلەك





## 13. ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ

بىر كۈنى كېچىدە بىر ئوغرى ئۆز ئوغلىنى ئېلىپ باشقىلارنىڭ بېغىغا ئوغرىلىق قىلغىلى چۈشۈپتۇ. ئۇ ئوغرى باغدا باشقىلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىر دەرەخكە چىقىپ ھەر تەرەپكە قاراپتۇ ۋە ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ. ئاندىن ئوغلىغا:

ــ تېز بول ئوغلۇم، ھېچكىم يوقكەن، ئەڭ ئېسىل مېۋىلەرنى تاللاپ خالتىغا سالايلى! ــ دەپتۇ. ئوغلى:

ــ ياق دادا، سەن يەنە بىر تەرەپكە قارىمىدىڭ، شۇ يەردە بىرى بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېگەنىكەن، دادىسى ھەيران قىلىپ:

ــ نەدە؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئوغلى:

ــ ئاسماندا، ئاللاھ بىزنى ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغرى ئاللاھتىن قورقۇپ نىيىتىدىن يېنىپتۇ ۋە شۇئان ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ھېچنىمە ئالماي ئۆيىگە قايتىپتۇ.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن باغقا نېمە ئىش قىلغىلى چۈشكەن؟

(2) ئوغرى دەرەخ ئۈستىگە نېمە ئۈچۈن چىقتى؟

(3) ئوغلى دادىسىغا نېمە دېدى؟

(4) ئوغرى نېمە ئۈچۈن ھېچنېمە ئوغرىلىماي ئۆيىگە قايتىپ كەتتى؟

3. تېكىستكە قارىماي تۇرۇپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ۋە توغرا قويۇپ بېقىڭلار. (تىنىش بەلگىلىرى كېلىدىغان ئورۇنلارغا ﹏﹏ بەلگىسى قويۇلدى.)

ئوغلى﹏

﹏﹏ ياق دادا﹏ سەن يەنە بىر تەرەپكە قارىمىدىڭ﹏ شۇ يەردە بىزنى بىرى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ﹏ ﹏﹏ دېگەنىكەن﹏ دادىسى ھەيران قىلىپ﹏

﹏﹏ نەدە﹏ ﹏﹏ دەپ سوراپتۇ﹏ ئوغلى﹏

﹏﹏ ئاسماندا﹏ ئاللاھ بىزنى ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ﹏

﹏﹏ دەپتۇ ﹏

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار:

كېچە (          )

تېز (          )

چۇشۇش (          )

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۇملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

قارىماق:

ھەيران قالماق:

تەۋبە قىلماق:

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1)

غىڭ ـ غىڭ قىلىپ يىغلايدۇ،

قونسا قاننى شورايدۇ.

(2)

ئاپئاق، ئاپئاق، ئاپئاق تاش،

تۆت بۇرجەكلىك چاقماق تاش.

چىشقا باسساڭ قاتتىق تاش،

چايغا سالساڭ تاتلىق تاش.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

تەۋبە قىلماق ـــ ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان بىر گۇناھنى قىلىپ سالغان ياكى قىلماقچى بولسا، دەرھال ئۇ گۇناھتىن يېنىپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش ۋە ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى سوراش.

2. تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى يادلىۋېلىڭلار:

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئىسرا 1 ـ ئايەت).

❖ ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېيدۇ: «سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ھەدىد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).




## 14. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

بىسمىللاھ دەپ تۇرۇپ ئورنۇمدىن،
بىسمىللاھ دەپ ئالدىم تاھارەت.
بىسمىللاھ دەپ ئوقۇدۇم ناماز،
بىسمىللاھتىن باشلاپ قىرائەت.

بىسمىللاھ دەپ قىلدىم ناشتىنى،
دادام: «شۇنداق تاماق يەڭ» دېدى.
«بىسمىللاھتىن باشلاش ھەر ئىشنى،
مۇسۇلمانىنىڭ خىسلىتى» دېدى.

يەنە تېخى كەچلىك ئۇيقۇنى،
بىسمىللاھ دەپ ئۇخلايدىكەنمەن.
بىسمىللاھتىن ئايرىلمىساملا،
ھېچنىمىدىن قورقمايدىكەنمەن.

بىسمىللاھقا ئايلانسا تىلىم،
يورۇيدىكەن ئۈنىڭدىن دىلىم.
تىل تاتلىقىم، قەلب شادلىقىم،
بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم.




1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

2. تۆۋەندىكى ۋاقىتلاردا ئوقۇلىدىغان دۇئانى قېنى قايسىڭلار توغرا ئېيتىپ بېرەلەيسىلەر؟

مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا
مەسجىدتىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا
ئەزان ئېيتىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا
ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا
ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك زىكىر

كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئۆيگە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

تاماقتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

3. تۆۋەندىكى ھەدىسنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئاڭلاپ يېزىپ بېقىڭلار:

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆيگە كىرگەندە ۋە تاماق يېگەندە ‹بىسمىللاھ› دېسە، شەيتان ئۆز ھەمراھلىرىغا: ‹سىلەرگە بۇ يەردە ئورۇن يوق، كەچلىك تاماقمۇ يوق› دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ‹بىسمىللاھ› دېمىسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ‹سىلەرگە بۇ يەردە ئورۇن بار› دەيدۇ. ئەگەر ئۇ تاماق يېگەندە ‹بىسمىللاھ› دېمىسە، شەيتان ھەمراھلىرىغا: ‹بۈگۈن ئاخشام سىلەرگە ئورۇن ۋە تاماق بار› دەيدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

4. بىرىلگەن تىرناققا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

ئوقۇش ( ) ( ) ( )

ئېلىش ( ) ( ) ( )

5. تۆۋەندىكى ئىككى قۇردىكى سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| كىتاب | قىلىش |
| ئۇيغۇر | ئوقۇش |
| مەلئۇن | دىنى |
| دۇئا | تىلى |
| ئىسلام | شەيتان |

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم — ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

❖ بىسمىللاھ — ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

❖ خىسلەت — ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ياخشى سۈپىتى، پەزىلىتى.

❖ دىل — كۆڭۈل، قەلب.

❖ شادلىق — خۇشاللىق.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تاماق يېگەندە <بىسمىللاھ> دېگىن ۋە ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).



# 15. كېسەل يوقلاش

ئەلى بىلەن مۇستاپا ناھايىتى ياخشى دوستلاردىن ئىدى، دائىم بىللە ئۆگىنىش قىلاتتى، بىللە ئوينايتتى ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغاندا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلاتتى.

بىر كۈنى مۇستاپا ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپكە كېلەلمىدى. بۇنىڭدىن ئەلىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى ۋە دەرستىن چۈشۈپلا دوستىنى يوقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ـــ ئەھۋالىڭ قانداقراق ئاداش؟ سېنىڭ بۈگۈن ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپكە بارالمىغانلىقىڭنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يوقلاپ كەلدىم، ئاللاھ كېسەللىكىڭگە شىپالىق بەرسۇن! ـــ دېدى ئەلى مۇستاپانىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ـــ ئاللاھ رازى بولسۇن ئاداش، قىزىپ قالدىم، پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ بارىدۇ، ـــ دېدى مۇستاپا ھالسىز ئاۋازدا. ئەلى:

ـــ سەۋر قىل ئاداش، ئاللاھ خالىسا ساقىيىپ كېتىسەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىم قاتتىق قىزىپ قالغان ۋە يېنىدىكى ساھابىلەرگە: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا بىرەر ئەزىيەت يەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى تۆككەندەك تۆكۈۋېتىدۇ» دېگەن. ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا بەرگەن مۇسىبىتىگە سەۋر قىلساڭ ۋە رازى بولساڭ، شۇ سەۋەبلىك ئاللاھ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ـــ دېگەندى، مۇستاپا بۇ كاتتا مۇكاپاتنى ئاڭلاپ خۇش بولدى ۋە خۇددى بەدىنىگە ماغدۇر كىرگەندەك بولۇپ:

ـــ ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن مېھرىبان! ئۇنداقتا مەن ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن مۇسىبىتىگە رازى بولىمەن ھەمدە كېسىلىم سەۋەبلىك ماڭا ساۋاب ئاتا قىلىشىنى ۋە كېسىلىمگە شىپالىق بېرىشىنى سورايمەن، ـــ دېدى.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئابزاسنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئەلى بىلەن مۇستاپا قانداق دوستلاردىن ئىدى ۋە قانداق ئىشلارنى بىللە قىلاتتى؟

(2) ئەلى مۇستاپانىڭ مەكتەپكە كېلەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ قانداق قىلدى؟

(3) مۇستاپا نېمە بولغانىدى؟

(4) ئەلى مۇستاپاغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلدى؟

(5) مۇستاپا ئەلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە دېدى؟

**5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:**

**(1)** ياردەم قىلىش:

**(2)** كۆڭلى يېرىم بولۇش:

**(3)** سەۋر قىلىش:

**6.** تۆۋەندىكى ھەدىسنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا قويۇپ يېزىپ بېقىڭلار.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى: <ئى ئادەم بالىسى! مەن ئاغرىپ قالسام مېنى يوقلىمىدىڭغۇ؟> دەيدۇ. بەندە: <ئى رەببىم! سەن ئالەملەرنىڭ رەببى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداقمۇ يوقلايمەن؟> دەپ سورايدۇ. ئاللاھ: <مېنىڭ پالانى بەندەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىڭ، ئۇنى يوقلىمىدىڭ. ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئۇنىڭ يېنىدىن مېنى تاپقان بولاتتىڭ> دەيدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ كۆڭلى يېرىم بولماق ـــ كۆڭلى بۇزۇلماق، قايغۇرماق.

❖ ھالسىز ـــ كۈچ ـ مادارى قالمىغان، ھالىدىن كەتكەن.

❖ مۇسىبەت ـــ كۈلپەتچىلىك، دەرد ـ ئەلەم.

❖ ماغدۇر ـــ كۈچ ـ قۇۋۋەت، مادار.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا 70 مىڭ پەرىشتە كەچكىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. كەچتە يوقلىسا 70 مىڭ پەرىشتە تاڭ ئاتقۇچە مەغپىرەت تىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە مېۋىلەر ھازىرلانغان بولىدۇ» (تىرمىزى توپلىغان).



## 16. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ئايال پادىشاھنىڭ قىسسىسى

ئاللاھ تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا كاتتا نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغانىدى، ئۇنى كۈچلۈك پادىشاھ قىلدى، قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلدۈردى؛ ھەتتا بىر يەرگە جەڭ قىلماقچى بولسا ئىنسانلار، قۇشلار ۋە ھايۋانلاردىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ماڭاتتى.

بىر كۈنى ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى: «سەبەئ دۆلىتى دېگەن ئىنتايىن بىر كۈچلۈك دۆلەت باركەن، ئەمما ئۇلار ناھايىتى ئەخمەق ۋە نادان بولۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي قۇياشقا ئىبادەت قىلىدىكەن ھەمدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇنى خاتالىق دەپ قارىمايدىكەن». ئۇلارنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بۇ قىلمىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايال پادىشاھقا خەت يېزىپ كەمتەرلىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن

ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.

بۇ خەتنى كۆرگەن ئايال پادىشاھ: «ئەگەر بىز سۇلايمان بىلەن جەڭ قىلىپ قالساق، بىزنى چوقۇم ھالاك قىلىدۇ ۋە بىز خار بولىمىز. بىز ئالدى بىلەن سۇلايماننىڭ مال ـ دۇنياغا ئالدىنىدىغان ياكى ئالدانمايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتەيلى» دېدى. ئەمما سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ سوۋغا ـ سالاملارنى رەت قىلىپ: «سىلەر مېنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئالداپ، پادىشاھىڭلارنىڭ مۇشرىك ھالىتىگە رازى بولىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟! بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا ماڭا سىلەر بەرگەن نەرسىلەردىنمۇ ياخشى نەرسىلەرنى ئاتا قىلغان. سىلەر ئۆز مال ـ دۇنيالىرىڭلار بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىپسىلەر» دېدى.

ئايال پادىشاھ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە ئۆزىنىڭ بۇنىدىن بۇرۇن ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي ئازغانلىقىنى بىلدى. ئاندىن خەلقى بىلەن قوشۇلۇپ مۇسۇلمان بولدى ۋە: «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلىپ ساڭا شېرىك كەلتۈردۈم ۋە قۇياشقا ئىبادەت قىلدىم. ئەمدى ئىسلامغا كىردىم ۋە سۇلايمان بىلەن بىللە ساڭا بويسۇنىمەن» دېدى.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان هالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

3. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

نېئمەتلەرنى:

ئىبادەت:

سەمىمىيلىك:

كۆرەڭلەپ:

ئازغانلىقىنى:

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

خار بولۇش:

كۆرەڭلەپ كېتىش:

ئالداش:

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار:

نادان ( )

ئېغىر ( )

قىممەت ( )

كىرمەك ( )

7. تۆۋەندىكى تېپىشماقنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1)

بىلەلمەيسەن سانىنى،

ئۇ بولغاچقا سەن گۈزەل.

قارا ئاققا ئۆزگىرەر،

قىرىپ قالساڭ سەن ئەگەر.

(2)

ئىككى بۆرە بىرگە ئوينار،

چاڭ چىقارماي.

ئىككىلىسى بىر باش يەيدۇ،

قان چىقارماي.

(3)

ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرار،
يۈزى يۇمىلاق بىر سېمىز.
قۇلىقى بىر، بۇرنى بىر،
دوپپا كىيگەن بېشىغا،
تېپىپ بېقىڭ، بىلسىڭىز؟

8. «مەن بەختلىك ئوقۇغۇچى» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ تەركىب تاپماق ـــ تەشكىل قىلماق، تۈزۈلمەك، ھاسىل بولماق.

❖ قوشۇن ـــ قوراللىق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان ئارمىيە.

❖ ھۆپۈپ ـــ بىر خىل قۇشنىڭ ئىسمى بولۇپ، پەيلىرىنىڭ

رەڭگى قوڭۇر، تاجىسى بار، تۇمشۇقى ئىنچىكە ۋە سەل ئەگمەچ. ئادەتتە ھاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ.

❖ نادان ــــ ئەقىلسىز، پىكرى چولتا، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان.

❖ قىلمىش ــــ ① قىلىنغان ئىش ـ ھەرىكەت. ② يامان ئىش ـ ھەرىكەت، يامانلىق.

❖ ئېغىر كەلمەك ــــ ① ھار كەلمەك. ② تەس تۇيۇلماق.

❖ ھالاك قىلماق ــــ يوقاتماق، تۈگەتمەك.

❖ رەت قىلماق ــــ قوبۇل قىلماسلىق، ئۇنىماسلىق.

❖ كۆرەڭلەپ كەتمەك ــــ تەكەببۇرلۇق قىلماق، ھاكاۋۇرلۇق قىلماق، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلماق.

❖ ئازماق ــــ خاتالاشماق، ئاداشماق.

2. تۆۋەندىكى ئايەتنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق. شامال سۇلايماننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ خالىغان تەرەپكە لەرزان ماڭاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا (كاتتا بىنالارنى سالالايدىغان) قۇرغۇچى ۋە (دېڭىزلارغا چۆكۈپ ئۈنچە ـ مارجانلارنى ئېلىپ چىقالايدىغان) غەۋۋاس شەيتانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق» (سۈرە ساد 36 ـ ۋە 37 ـ ئايەتلەر).

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) «ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» ناملىق تېكستتىن نېمىنى بىلىۋالدىڭىز؟

(2) بىز قانداق ئىشلارنى قىلىشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھ» دېيىشىمىز كېرەك؟

(3) ئەزىيەتكە سەۋر قىلغان كىشى قانداق ساۋابقا ئېرىشىدۇ؟ كېسەل قېرىندىشىنى يوقلىغان كىشىچۇ؟

(4) ئۆزىڭىز بىلىدىغان بىرەر پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ئازماق —

________________________________.

رەت قىلماق —

______________________________.

تەۋبە قىلماق —

______________________________.

3. كاتەكچىلەردىكى ھەرپلەرنى ماس ھالدا تۇتاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ھاسىل قىلىڭلار.

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ى | م | ئى | ن | س | ا | ن | غ | ت | س | ل | ت | ج |
| ا | م | ا | ن | د | ڭ | ئۇ | م | م | ە | ت | پ | ە |
| ت | ۇ | م | ئا | ك | ت | ۇ | و | ر | ې | ل | ې | ن |
| ې | ب | ې | ل | پ | ا | س | ش | ئې | ھ | س | ا | ن |
| ۇ | ن | غ | ل | ن | ش | ې | ۇ | ې | ۋ | ش | ن | ە |
| ئى | س | ل | ا | م | پ | ە | ې | ش | ى | ۇ | ۋ | ت |
| ش | ب | غ | ھ | پ | گ | خ | ج | د | ۇ | ب | س | پ |
| ە | ڭ | ي | ې | ۋ | م | ۇ | س | ۇ | ل | م | ا | ن |
| ق | ت | ۇ | ت | ئۇ | غ | ش | ب | ئا | ن | ر | ې | پ |
| ا | ۇ | غ | لا | ي | م | و | ي | غ | ش | ۇ | م | غ |
| ۋ | پ | ە | ي | غ | ە | م | ب | ە | ر | ز | د | غ |
| د | ر | ن | ۇ | ۇ | پ | ر | ج | س | خ | ب | و | لا |
| ن | ا | ش | ۇ | ر | و | ت | ۇ | ر | د | گ | ز | ژ |
| ڭ | ق | گ | ج | ب | ى | س | م | ى | ل | ل | ا | ھ |
| د | س | ك | غ | و | ر | ف | غ | ې | و | ر | خ | ك |

ئاللاھ،
ئىسلام،
ئۇممەت،
ئېھسان،
مۇسۇلمان،
جەننەت،
دۇئا،
دوزاخ،
تۇپراق،
پەيغەمبەر،
ئۇيغۇر،
بىسمىللاھ،
ئىنسان

4. ئۆگەنگەن تېكىستلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) باغقا كىرگەن دادا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئوغرىلىق قىلدى. (    )

(2) ئوغرى بالىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ ئازراقلا نەرسە ئوغرىلاپ ئاندىن ئۆيگە قايتتى. (    )

(3) ھەرقانداق ئىشنى «بىسمىللاھ» دەپ باشلاش مۇسۇلمانىنىڭ خىسلىتىدۇر. (    )

(4) «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ــ «ناھايىتى قۇدرەتلىك ۋە تەختاشىسىز ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەنلىكتۇر. (    )

(5) سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. (    )

(6) سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئايال پادىشاھنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىغا ئالدانمىدى. (    )

(7) ئايال پادىشاھ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا جەڭ ئاچتى ھەمدە مۇسۇلمان بولمىدى. (    )

5. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار:

(1) مەن ________ كىرىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

(گىلەمدىن / جەننەتكە / دوسكىغا)

(2) مەن ________ ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

(قۇرئان / باغقا / دەپتەرگە)

(3) بىز ئاتا ـ ئانىمىزغا ھەر ۋاقىت ________ قىلىشىمىز كېرەك.

(سۆزىنى / ياخشىلىق / بىسمىللاھ)

(4) مۇسىبەتكە ________ قىلسام، ئاللاھ رازى بولىدۇ.

(پەخىرلەنسەم / ياخشىلىق / سەۋر)

(5) تاماق يېگەندە _____ قولىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئالدىدىن يەيمىز.

(ئوڭ / سول / جىق)

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

(1) ئىشىڭلارنى ئاللاھ كۆرۈپ قىلىۋاتقان تۇرغۇچىدۇر

________________________________________

________________.

(2) يېگەندە تاماق دېگىن «بىسمىللاھ»

________________________________.

(3) ماڭا ياخشىلىقلارنى قىلغان ئاللاھ تائالا كۆپ ئاتا

________________________________________

________________ .

7. تۆۋەندىكى بايان جۈملىلەرنى سوئال جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار :

ئۈلگە :

جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى بار.

سوئال : جەننەتنىڭ قانچە ئىشىكى بار؟

(1) يالغان ئېيتقان كىشىنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ.

سوئال : ________________________________

________________________________ .

(2) بىز ھەر ۋاقىت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك.

سوئال : ________________________________

________________________________ .

(3) پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

سوئال :________________________________ .

8. تېپىشماق.

تۆۋەندىكى رەسىمدىكى خاتالىقنى تاپالامسىلەر؟



# 5 ـ بۆلەك



# 17. ئۇيغۇر باللار قوشاقلىرى

(1)

دوست

دوست ـ دوست،
چىمەن دوست.
نەگە بارسا،
بىللە دوست.

بىر نان تاپساق،
تەڭ يەيمىز.
سوقۇشماستىن،
ئويناپمىز.

(2)

## ئاپتاپ چىقتى

ئاپتاپ چىقتى ئالەمگە،
يۈگۈرۈپ باردىم ھەدەمگە.
ــ ھەدە، ھەدە، توقاچ بەر،
ــ قېنى بېرىپ ئوتۇن تەر.

ئوتۇن تەردىم بىر قۇچاق،
توقاچ ياقتۇق بىر ئوچاق.
ھەدەم شېكەر، ماي سالغاچ،
ئەجەب تاتلىق بۇ توقاچ.




1. يۇقىرىقى قوشاقلارنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. ئۆزۈڭلار يادقا بىلىدىغان باللار قوشىقىدىن بىرنى جانلىق ئوقۇپ بېقىڭلار.

3. يۇقىرىقى قوشاقلاردا نېمە مەزمۇن سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

4. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

تەك — ( ) ( ) ( )

دوست — ( ) ( ) ( )

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار.

دوست: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

سوقۇشماستىن: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

يۈگۈرۈپ: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

ئاپتاپ: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

ئالەمگە: ( ) ھەرپ، ( ) بوغۇم

6. تۆۋەندىكى باللار قوشقىنى جانلىق ئوقۇڭلار ۋە مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

دوملاپ كەلدى دۈشەنبە،
سايراپ كەلدى سەيشەنبە،
چارلاپ كەلدى چارشەنبە،
پايلاپ كەلدى پەيشەنبە،

ئۇلۇغ جۇمە، شېكەر شەنبە،

بىز ئوينايمىز يەكشەنبە.

7. «مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسنى جانلىق ئوقۇڭلار ۋە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار. رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار» (سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت).

❖ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە

سىلە ـ رەھىم قىلىشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر تەننىڭ بىرەر ئەزاسىغا ئاغرىق يەتسە، تەننىڭ قالغان قىسمى قىزىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

2. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

❖ يامان بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت. يامان دوست سېنى توغرا يولدىن ئازدۇرىدۇ.

ـــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

❖ دوستلارنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئەگەر مەرتىۋەڭ كۆككە تاقاشقان تەقدىردىمۇ، دوستلىرىڭ بولمىسا ئۇ مەرتىۋەڭنىڭ نېمە پايدىسى بار؟!

ـــ ئەلشىر ناۋايى

❖ ئوغلۇم، ئىلىملىك ۋە ئەقىللىق كىشىلەرنى ئىزدەپ ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان.

ـــ مەھمۇد قەشقەرىي



# 18. ساۋاتسىزلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى يىراق سەپەرگە كەتكەن بىر ئوغلىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ، ئەمما خەت ئوقۇشنى بىلمىگەچكە، يولدىن ئۆتكەنلەرگە ئوقۇتۇش ئۈچۈن تالاغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا يولدىن كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك بىر كىشى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. بۇ كىشى خەتنى قولىغا ئېلىپ بىر ئازدىن كېيىن يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي: «ئوغلۇم بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا يولدىن يەنە بىر كىشى ئۆتۈپتۇ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. موماي جاۋاب بېرىپ:

— بۇ كىشى ئوغلۇمدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتتى، مەن ئوغلۇمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ يىغلاۋاتىمەن، —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇ كىشى ھېلىقى يىغلاۋاتقان سالاپەتلىك ئادەمدىن:

— ھەي، سەن نېمىگە يىغلاۋاتىسەن؟ موماينىڭ بالىسى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپتىمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى ئۇھسىنىپ تۇرۇپ:

— ھەي قەدىرلىك ئاغىنە، مەن ئۆزۈمگە ناھايىتى ئېچىنىۋاتىمەن، چۈنكى مەن خەت ئوقۇشنى بىلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ ساۋاتسىز بولۇپ قالغانلىقىمغا يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.




1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) موماي خەتنى نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئوقۇتماقچى بولدى؟

(2) سالاپەتلىك كىشى خەتنى قولىغا ئېلىپ يىغلاپ كەتكەندە، موماي نېمە دەپ ئويلاپ قالدى؟

(3) ئۇ سالاپەتلىك كىشى نېمىگە يىغلىغان ئىدى؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار:

يىراق ( )

يىغلىماق ( )

ئۆلمەك ( )

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) يولغا چىقماق:

(2) ئۇھسىنماق:

(3) ئېچىنماق:

6. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

سوراش ( ) ( ) ( )

خەت ( ) ( ) ( )

7. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا قويۇپ يېزىپ بېقىڭلار:

ئاللاھ تائالا ئىنساننى خىللاپ، تاللىدى ۋە ياراتتى؛ ئۇنىڭغا پەزىلەت، بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بىلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك بۈيۈكلۈككە ئېرىشتى، پاراسەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن تۈگۈنلەر يېشىلدى. ئاللاھ تائالا كىمگە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ قولىدىن كۆپ ياخشىلىقلار كېلىدۇ. بىلىمنى بۈيۈك، ئىدراكنى ئۇلۇغ دەپ بىلگىن! كىمگە بۇ ئىككى نېئمەت بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسىدۇ.

ــــ «قۇتادغۇبىلىك» كىتابىدىن

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ سالاپەتلىك ــــ ئېسىل سۈپەت، ھەيۋەتلىك.

❖ مۇسىبەت ــــ قايغۇلۇق ئىش، بالا ـ قازا.

❖ كېلىشمەسلىك ــــ كۆتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق، پېشكەللىك.

❖ ئۇھسىنماق ــــ ئۇھ دېيىش.

❖ ئېچىنماق ــــ ① ئەپسۇسلانماق، ھەسرەت چەكمەك؛ ② ئىچ ئاغرىتماق، كۆيۈنمەك.

2. تۆۋەندىكى ئايەتنى يادلىۋېلىڭلار:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» (سۈرە مۇجادەلە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).



# 19. دوستلار ھەققى

مۇسۇلماننىڭ دوستىدا،
مۇنداق ئالتە ھەققى بار.
ئۇنى ئادا قىلغاننىڭ،
جەننەتلەردە تەختى بار.

كېسەل بولسا يوقلىماق،
جاۋاب سالام قىلماقلىق.
جىنازىغا ئەگىشىش،
چاقىرغاندا بارماقلىق.

شۈكۈر دېسە چۈشكۈرۈپ،
ئاڭا رەھمەت سورماقلىق.
نەسىھەتكە تەلپۈنسە،
چىن، سەممىي بولماقلىق.




1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار:

مۇسۇلمان　　　(　　　　　　)

كېسەل　　　(　　　　　　)

جاۋاب　　　(　　　　　　)

بېرىش　　　(　　　　　　)

چىن　　　(　　　　　　)

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ئادا قىلىش:

ئەگەشمەك:

سەمىمىي:

4. تۆۋەندىكى ئىككى قۇردىكى سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| ئەسسالامۇ | جەننەت |
| گۈزەل | كۈنى |
| قىيامەت | ئېيتىش |
| سەمىمىي | ئەلەيكۇم |
| رەھمەت | بولۇش |

5. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار.

(يەرھەمۇكەللاھ، بېرىش، سالام، جىنازىسىغا، ھەققى)

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ________ ئالتىدۇر: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا ________ قىلىش، چاقىرغان يەرگە ________، نەسىھەت تەلەپ قىلغاندا نەسىھەت قىلىش، چۈشكۈرگەندىن كېيىن <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسە، ________ دېيىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ۋاپات بولغاندا ________ قاتنىشىش» (بۇخارى توپلىغان).

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1)

چوڭ ـ كىچىك بەش ئورتاق،

ئۇيۇشسا بولار توقماق.

(2)

ئېقىن سۈدەك توختىماس،
كېتىۋېرەر نىشانغا.
تارازىسى ئۆمۈرنىڭ،
بەك قىممەتلىك ئىنسانغا.
گەر بىلمىسەڭ قەدرىنى،
قالىسەن پۇشايمانغا.

(3)

سۇ ئەمەس، سۈيۈق.
قار ئەمەس، ئاپئاق.

7. تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار.

• بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، سورىماسلىق ئەيىب.

(　　　　)

• ۋاقتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى.

(　　　　)

• ئىمانسىز ئادەم رەھىمسىز، بىلىمسىز ئادەم قىلىقسىز.

(　　　　)

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

❖ ھەق ــ ① ھەقىقىي، راست، توغرا؛ ② پۇل. ③ يۇقىرىقى شېئىردا «چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش» مەنىسىدە كەلگەن.

❖ ئادا قىلماق ــ ئورۇنلىماق، بېجىرمەك، ئىجرا قىلماق.

❖ جىنازا ــ ئۆلگەن ئۆلۈكنى يەرلىككە قويۇش ئۈچۈن سېلىپ ماڭىدىغان ياغاچتىن ياكى تۆمۈردىن ياسالغان قۇرۇلما، تاۋۇت.

❖ تەلپۈنمەك ــ ئىنتىلمەك.

❖ چىن ــ ① ھەقىقىي، راست، توغرا؛ ② قەتئىي.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار:

❖ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە

سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار» (سۈرە نۇر 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

❖ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا، 70 مىڭ پەرىشتە كەچكىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. كەچتە يوقلىسا، 70 مىڭ پەرىشتە تاڭ ئاتقۇچە مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئۇنىڭغا جەننەتتە مېۋىلەر ھازىرلانغان بولىدۇ» (تىرمىزى توپلىغان).



# 20. ئالما

ئابدۇلئەزىز دادىسى بەرگەن پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە بازارغا يۈگۈردى. ئۇ بۇ پۇلغا ئالما ئېلىپ يېمەكچى ئىدى. نېرىراقتا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئالما سېتىۋاتاتتى. ئابدۇلئەزىز ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئالمىچى بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە:

ــــ بوۋا، بوۋا! ماۋۇ پۇلغا بىر كىلو ئالما بېرىڭە! ــــ دېدى.

بوۋاي تازا قىزىرىپ پىشقان بىر كىلو ئالمىنى خالتىغا سېلىپ بەردى. ئابدۇلئەزىز خۇشاللىقىدا ئالمىنى ئېلىپ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئالمىنىڭ پۇلىنى بوۋايغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

ــــ سۇبھانەللاھ! ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ پۇلنى ئەمدى ئاپىرىپ بەرسەم، ئالمىچى بوۋاي: «پۇلنى بەرمەيسەن» دەپ تۇتۇۋالسا قانداق قىلارمەن؟! ئۆيىگە ئېلىپ كەتسەم دادام بىلىپ قالسا چوقۇم خاپا بولىدۇ. ئالمىلارنى تاشلىۋېتەي دېسەم دادام

نېمىشقا ئالما ئېلىپ كەلمىگەنلىكىمنى سورايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا نېمە دەيمەن؟

ئابدۇلئەزىز شۇ خىياللار ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بىرھازا تۇرۇپ قالدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئېسىگە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرس ۋاقتىدا دېگەن سۆزى كەلدى: «مۇسۇلمان باشقىلارنىڭ ھەققىنى يىمەيدۇ. ئەگەر سىلەردە باشقىلارنىڭ ھەققى قالغان بولسا، چوقۇم مۇشۇ دۇنيادا ئۇ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار».

شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇلئەزىز: «توغرا، گەرچە بۇ دۇنيادا ئۇ بوۋاينىڭ كايىشىدىن، دادامنىڭ خاپا بولۇشىدىن قۇتۇلالىغىنىم بىلەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلالمايمەن. شۇڭا نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ پۇلنى چوقۇم ئاپىرىپ بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋە يۈگۈرگىنىچە پۇلنى ئۇ ئالمىچى بوۋايغا ئاپىرىپ بەردى.

ئالمىچى بوۋاي ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ خىسلىتىدىن مەمنۇن بولۇپ: «ماشائاللاھ بالام! ھەقىقەتەن ئاللاھقا تەقۋادار، ياخشى چوڭ بوپسەن. ئاللاھ سېنى ھەر ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرسۇن» دەپ ئۇنىڭغا سالىھ دۇئا قىلدى.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۇنلۇك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستنىڭ 4 ـ ، 5 ـ ئابزاسلىرىنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئاڭلاپ يېزىپ بېقىڭلار.

4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئابدۇلئەزىز نېمە ئۈچۈن پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە بازارغا يۈگۈردى؟

(2) ئابدۇلئەزىز ئالمىنىڭ پۇلنى بوۋايغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە نېمىلەرنى ئويلىدى؟

(3) ئابدۇلئەزىز نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالغاندا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قايسى سۆزى ئېسىگە كېلىپ قالدى؟

(4) ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن نېمە ئويلىدى ۋە قانداق قىلدى؟

(5) ئالىمچى بوۋاي ئابدۇلئەزىزنىڭ تەقۋالىقىنى كۆرۈپ نېمە دېدى؟

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

سىقىمدىغىنىچە:

نېرىراقتا:

ئاپئاق:

كېتىۋېتىپ:

قۇتۇلالىغىنىم:

6. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇشۇ خىل شەكىلدە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئەگەر سىلەردە باشقىلارنىڭ ھەققى قالغان بولسا، چوقۇم مۇشۇ دۇنيادا ئۇ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار.

ئەگەر ______________________________ بولسا، چوقۇم ______________________________________.

(2) دادامنىڭ خاپا بولۇشىدىن قۇتۇلالىغىنىم بىلەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلالمايمەن.

______________________________ دىن قۇتۇلالىغىنىم بىلەن، ________________________ دىن قۇتۇلالمايمەن.

7. تېكىستكە قارىماي تۇرۇپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ۋە توغرا قويۇپ بېقىڭلار. (تىنىش بەلگىلىرى

كېلىدىغان ئورۇنلارغا ، بەلگىسى قويۇلدى.)

ئالىمچى بوۋاي ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ خىسلىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ماشائاللاھ، بالام، ھەقىقەتەن ئاللاھقا تەقۋادار ياخشى چوكى بوپسەن، ئاللاھ سېنى ھەر ئىككى دۇنيالىق بەخت، سائادەتكە ئېرىشتۈرسۇن، دەپ ئۇنىڭغا سالىھ دۇئا قىلدى.

**8.** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

**(1)** چىك سىقىمدىغىنىچە:

**(2)** ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ:

**(3)** كايىماق:

**(4)** مەمنۇن بولماق:

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ سۇبھانەللاھ — ئاللاھ پاكتۇر. (ئادەتتە بىرەر ئىشقا ھەيران قالغاندىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.)

❖ بىرھازا — خېلى بىر ۋاقىت.

❖ كايىماق — خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق.

❖ تەقۋادار — ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان.

❖ سالىھ — ياخشى.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ئارقىلىق ياكى بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولسا، قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ زۇلۇمدىن ئۆزىنى خالاس

قىلىۋالسۇن. چۈنكى، قىيامەت كۈنى ئۇ قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرەي دېسە، ئۇنىڭ دىنارىمۇ بولمايدۇ، دەرھەمىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ قېرىندىشىغا قىلغان شۇ زۇلۇمىغا چۇشلۇق ياخشى ئەمەلى بولسا، ياخشى ئەمەلىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ياخشى ئەمەلى بولمىسا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى (يەنى قېرىندىشى) نىڭ گۇناھلىرى ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ گەدىنىگە ئارتىپ قويۇلىدۇ» (بۇخارى توپلىغان).

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «بىر نان تاپساق،

تەڭ يەيمىز.

سوقۇشماستىن،

ئوينايمىز» دېگەن قوشاقتا نېمە مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

( )

ئا: سوقۇشمىسا ئوينىغىلى بولمايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئە: دوست ـ ئاداشلار بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش ۋە قىيىنچىلىقلاردا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشنىڭ لازىملىقى ئىپادىلەنگەن.

ب: دوست ـ ئاداشلار نەدە نان تاپسا چوقۇم بىللە يېيىش كېرەكلىكى، بولمىسا سوقۇشۇپ قالىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

(2) «ساۋاتسىزلىق» دېگەن تېكىستتە موماي نېمە ئۈچۈن

يـغلـدى؟ ( )

ئا: مومايـنـڭ بالـسى مۇسـبـەتكە ئۇچرىغان ئىدى.

ئە: ھېلىقى سالاپەتلىك كىشى خەتنى قولىغا ئېلىپ يىغلاپ كەتكەندە، «ئوغلۇم بىرەر مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ» دەپ يىغلىدى.

ب: موماي خەت ئوقۇشنى بىلمىگەنلىكىدىن يىغلىدى.

(3) تۆۋەندىكىلەر ئىچىدە قايسىسى مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمان ئۇستىدىكى ھەققى ئەمەس؟ ( )

ئا: بازارغا چىققاندا بىللە چىقىشىپ بېرىش.

ئە: كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش.

ب: چۈشكۈرگەندىن كېيىن «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېسە، «يەرھەمۇكەللاھ» دېيىش.

(4) ئابدۇلئەزىز ئالىمجى بوۋاينىڭ پۇلىنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇپ ئاپىرىپ بەردى؟ ( )

ئا: چۈنكى ئالىمجى بوۋاي ئابدۇلئەزىزنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ قالسا ئۇنى ئۇرۇۋېتەتتى.

ئە: ئالىمجى بوۋاي ئابدۇلئەزىزنىڭ دادىسىغا دەپ قالسا، دادىسى خاپا بولاتتى.

ب: گەرچە بۇ دۇنيادا قۇتۇلالىغىنى بىلەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى.

(5) «ئېچىنماق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ( )

ئا: ئەپسۇسلانماق، ھەسرەت چەكمەك

ئە :  ئىنتىلمەك

ب :  ئاچچىقلانماق

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «√» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) «دوست» دېگەن سۆز تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن، ئىككى بوغۇملۇق سۆزدۇر. (   )

(2) مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۇستىدىكى ھەققى ئالتە بولۇپ، نەسىھەت تەلەپ قىلغاندا نەسىھەت قىلىشمۇ شۇ ھەقلەرنىڭ قاتارىدىن. (   )

(3) «ساۋاتسىزلىق» دېگەن تېكىستتە ساۋاتسىزلىق ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. (   )

(4) «مۇسىبەت» دېگەن سۆزنىڭ قارشى مەنىسى خۇشاللىق ۋە شادلىقتۇر. (   )

(5) ئابدۇلئەزىز ئالمچى بوۋايغا بىرىشنى ئۇنتۇپ قالغان پۇلنى باشقا بىر ئالمچىغا ئاپىرىپ يەنە ئالما سېتىۋالدى. (   )

3. ئۆگەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار:

(1) ھەي قەدىرلىك ئاغىنە، مەن ئۆزۈمگە ناھايىتى ئېچىنىۋاتىمەن، چۈنكى مەن خەت ________نى بىلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ ________ بولۇپ قالغانلىقىمغا يىغلاۋاتىمەن.

(2) ________ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يىمەيدۇ. ئەگەر سىلەردە باشقىلارنىڭ ھەققى قالغان بولسا، چوقۇم مۇشۇ ________دا ئۇ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار.

(3) مۇئمىنلەر ئۆزئارا ____________، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە سىلە ـ رەھىم قىلىشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر تەننىڭ بىرەر ئەزاسىغا ________ يەتسە، تەننىڭ قالغان قىسمى قىزىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدۇ.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

چىن —

________________________________________.

بىرھازا —

________________________________________.

سالىھ —

________________________________________.

5. بېرىلگەن بالىلار قوشىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

بالىلار چاققان بولۇڭلار،
بەلنى مەھكەم تۇتۇڭلار.
بىر يىپتىكى ئۇنچىدەك،
رىشتىڭلارنى چىڭىتىڭلار.

چامغۇر ـ چامغۇر زەردەك،
بىز يېپتىكى ئۈنچىدەك.
ئىناق بولساق بارچىمىز،
بىزنى قانداق ئالغۇدەك؟

(1) بۇ قوشاقتا نېمە مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

(2) قوشاقتىكى «چاققان»، «مەھكەم»، «بارچىمىز» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟

(3) بۇ قوشاق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

6. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇشۇ خىل شەكىلدە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بىلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكىدەك بۈيۈكلۈككە ئېرىشتى.

ئاللاھ تائالا ______________________ ئۈچۈن،
______________________________.

(2) ئى مۇئمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار.

______________________ غىچە (قىچە / گىچە / كىچە)، ______________________ غىچە (قىچە / گىچە / كىچە) ______________________.

7. زېھىن سىناش ئويۇنى ئوينايلى.

ئەھمەدكە قانچە نومۇر قويۇش كېرەك

تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە ئوقۇتقۇچى ئەھمەدكە :

ــــ ئۆتكەن سائەتلىك دەرستە بىز تۆت خىل جۈملە شەكلىنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. سەن بايان جۈملىگە مىسال كەلتۈرۈپ باققىن، ــــ دەپتۇ. ئەھمەد :

ــــ مەن مىسال كەلتۈرەلمەيمەن، ــــ دەپ جاۋاب بىرىپتۇ. ئوقۇتقۇچى :

ــــ ئۇنداقتا سوئال جۈملىگىچۇ؟ ــــ دېگەنىكەن، ئەھمەد :

ــــ نېمە دەيمەن؟ ــــ دەپتۇ. ئوقۇتقۇچى سەل خاپا بولۇپ :

ــــ بۇيرۇق جۈملىگە مىسال كەلتۈرۈپ باققىن ئەمىسە، ــــ دەپتۇ. ئەھمەد :

ــــ بولدى، ئەمدى سورىمىسىلا! ــــ دەپتۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ :

ــــ ئۇندەش جۈملىگە مىسال كەلتۈرۈپ باق، ــــ دېگەنىكەن، ئەھمەد ئوڭايسىزلانغان ھالدا :

ــــ ھەي. . . تەسكەن شۇ! ــــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچى بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن نومۇر خاتىرىسى دەپتىرىگە نومۇر قويۇپتۇ.

قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەھمەدكە قانچە نومۇر قويۇش كېرەك؟

8. «مەن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# 6 ـ بۆلەك




# 21. ئۇيغۇر تىلىم

ئانام ئۆگەتكەن،
شۇنچە يېقىملىق.
ئۇيغۇر تىلىمسەن،
ھەسەلدىن تاتلىق.

ئاللاھىم ماڭا،
ھەمراھ قىپ سېنى،
ئۆگەتتى ئەخلاق،
ئىمان ـ ئىسلامنى.

سەن بىلەن بىرگە،
ئۆگىنىپ بىلىم.
دىنىنى قوغدايمەن،
بولۇپ مەن ئالىم.

كەل تۈت قولۇمنى،
كۈچلىنەيلى بىز.
ئاللاھ يولىدا،
قالدۇرايلى ئىز.




1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. بۇ شېئىرنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

3. يۇقىرىقى شېئىردا قانداق مەزمۇنلار سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

4. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

ئۆگەنمەك ــ (　　) (　　) (　　)

قوغداش ــ (　　) (　　) (　　)

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

ئۆگەتمەك:

كۈچلەنمەك:

6. تۆۋەندە بىرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار:

(دىنىمىزنى، ياشايمەن، تىلىم، كۈچلىنىشىمىز)

(1) مېنىڭ ئۇيغۇر ________ ھەسەلدىن تاتلىق.

(2) بىز ئىسلام ________ يەر يۈزىدە ئالىي قىلىشىمىز كېرەك!

(3) بىز مۇسۇلمانلار چوقۇم __________ كېرەك.

(4) مەن ھەر ۋاقىت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ________.

7. تۆۋەندىكى كۇپلېتنى راۋان جۈملە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

ئاللاھىم ماڭا،

ھەمراھ قىپ سېنى،

ئۆگەتتى ئەخلاق،

ئىمان ـ ئىسلامنى.

جۈملە شەكلى: ________________________

________________________.

# بىلىملەر خەزىنىسى

**1.** تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ يېقىملىق ــ ① قۇلاققا يېقىشلىق، ئاڭلىغان كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان. ② مېھرى ئىسسىق، ئوچۇق چىراي، مۇلايىم.

❖ ھەمراھ ــ بىرگە ياشايدىغان ياكى بىرگە سەپەر قىلىدىغان كىشى.

❖ قوغدىماق ــ ھىمايە قىلماق، مۇھاپىزەت قىلماق، ئاسرىماق.

❖ ئىز ــ ① ئاياغ بىلەن يەرگە دەسسىگەندە ۋە ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە سىزغاندا، جىجىغاندا، يازغاندا ياكى قول بىلەن بىرەر نەرسىنى تۇتقاندا پەيدا بولغان بەلگە، ئىزنا. ② ئۆزىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈن قالدۇرۇلغان نىشان، توغرا يول.

**2.** تۆۋەندىكى ھەدىس ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

❖ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

❖ سەن ھەر ۋاقىت كىشىلەر سەندىن خۇشال بولىدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغىن.

ــــ مەھمۇد قەشقەريي

❖ پەقەت مۇۋاپىق سۆزلەرنىلا قىلغىن، نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلما. ئەقىللىق كىشى پەقەت راست گەپنىلا سۆزلەيدۇ، ئەمما راست گەپ دەپ بارلىق گەپنى دەۋېرىش ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس.

ــــ ئەلشىر ناۋايى



# 22. سۆز ئويۇنلىرى

(1) دۇدۇقلىماي ئوقۇيمەن

※※※

بۇزۇشتىن قۇرۇش تەس،
يىقىلىشتىن تۇرۇش تەس.

※※※

كۆپ كۇچەپ، كۆپكۆك كۆچەت تىكتۇق.

※※※

بىلىم ئالمىغان ياش باشتىن،
بىلىم ئالغان قاقباش ياخشى.

※※※

ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،

ئەر بار يەردە يەر خار بولماس.

※※※

سۈيى ئاز كۈپ چوڭمۇ،
سۈيى جىق كۈپ چوڭمۇ؟

※※※

ھەل قىلالماي ھېچبىر ئىش سەن،
يۈرۈۋەردىڭ ياز، كۈز، قىش سەن.

※※※

باشقا ئات قاشقا ئاتقا يەتمەيدۇ،
قاشقا ئاتقا باشقا ئات يەتمەيدۇ.

※※※

ئىككى كىچىك كىچىك كەچتىم،
ئۈچ كىچىك كىچىك كەچتىم،
نەچچە كىچىك كىچىك كەچتىم.

(2) ھەرپ ئويۇنى

«ئا» ھەرپلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە

ئادەمگەرچىلىكتىن ئايرىلساڭ ئابرۇيسىزلىنىسەن.

ئالدىراڭغۇلۇق ئادەمنى ئاداشتۇرىدۇ.

※※※

«ب» ھەرپىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە

بەتخەجلىك ــــ بەختسىزلىكنىڭ بەلگىسى.

بىئەدەپ بولساڭ بىچارە بولىسەن.

※※※

«ق» ھەرپىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە

قورقاق قورشاۋدا قالىدۇ.

قېرىنداشنى قوغدا،
قەبىھلەرنى قوللىما.

※※※

«ي» ھەرپىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە

ياخشىغا ياخشىلىق يارىشىدۇ.

يامانني ياقلاش ياخشىغا ياراشمايدۇ.



## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى سۆز ئويۇنلىرىنى تېز ۋە راۋان ئوقۇپ بېقىڭلار.

2. سىلەر يەنە قانداق سۆز ئويۇنلىرىنى بىلىسىلەر؟ يۇقىرىقى «دۇدۇقلىماي ئوقۇيمەن» ۋە «هەرپ ئويۇنى»غا ئاساسەن، سىلەرمۇ ئايرىم ـ ئايرىم هالدا مۇشۇنداق سۆز ئويۇنلىرىنى تۈزۈپ بېقىڭلار.

3. يۇقىرىقى سۆز ئويۇنلىرىنىڭ هەربىرىدە نېمە مەزمۇن سۆزلەنگەنلىكىنى ئايرىم ـ ئايرىم چۈشەندۈرۈپ بېرىڭلار.

4. يۇقىرىدا بېرىلگەن سۆز ئويۇنلىرىدىكى قاپىيەلىك سۆزلەرنى تېپىپ بېقىڭلار.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلىرىنى يېزىپ بېقىڭلار:

تەس (　　　　　　)

خار (　　　　　　)

قورقۇنچاق (　　　　　　)

جىق (　　　　　　)

قورقاق (　　　　　　)

6. تۆۋەندىكى سۆز ئويۇنلىرىنى ئىككى ـ ئىككىدىن بولۇپ تېز ۋە توغرا ئوقۇشتا مۇسابىقىلىشىپ بېقىڭلار.

※※※

كۆپ قارا قاغا

كۆك قاغا بىلەن ئوينايدۇ.

كۆك قاغا

كۆپ قارا قاغا بىلەن ئوينايدۇ.

※※※

بەش دېيىش تەسمۇ،

پەش دېيىش تەسمۇ؟

※※※

قۇملۇقتا سۇ ئاقماسمىش،

قۇملۇقتا سۇ ئاقماسمىش.

※※※

كاككۇك «كاككۇك» دېگەچكە كاككۇك،

«كاككۇك» دېمىسە ئۇ قانداق كاككۇك.

※※※

ئاچكۆز يەپ تويماس،

ئەخمەق دەپ تويماس.

※※※

يىپ ئەشسە بەش كىشى،

يىپنى كىلىشەرمىش ئىشى.

※※※

تىتىكلىكىدىن كۆچەتنى تىك تىكتى.

※※※

ئاخشام ئاق شامنى ياقتىم،

ئاق شامنى ئاخشام ياقتىم.

7. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئايرىلماق:

(2) قوغدىماق:

(3) ياراشماق:

# بىلىملەر خەزىنىسى

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ قۇرماق — ھەرخىل نەرسىلەرنى يىغىپ ـ توپلاپ، ئاندىن ئۇلارنى مۇۋاپىق شەكىلدە بىرىكتۈرۈش ياكى جايى ـ جايىغا قويۇش ئارقىلىق ياساپ چىقماق؛ سالماق.

❖ قاقباش — ① ھاياتتا جىق ئىشلارنى كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن، ھەرخىل ئىشلارنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا پىشىپ كەتكەن كىشى. ② بېشىدىن بەك كۆپ ئىش ئۆتكەنلىكتىن ھېيلىگەرلىشىپ كەتكەن كىشى.

❖ ئەل — بىرەر جاينىڭ ئادەملىرى، خەلقى.

❖ قاشقا ئات — پېشانىسىدە ئاق تۈكى، بەلگىسى بولغان ئات.

❖ كېچىك — دەريا ياكى كۆللەرنىڭ كېچىپ ئۆتىدىغان جايى.

❖ ئادەمگەرچىلىك — كىشىلەرگە مېھرى ـ مۇھەببەت،

ياخشىلىق، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش.

❖ ئابرۇيىسىزلانماق ـــ ئابرۇيى يوقالماق، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى قالماسلىق.

❖ ئاداشماق ـــ ① توغرا نىشان، يول، پىكىر، سۆز، ئەقىل قاتارلىقلاردىن ئېزىپ كەتمەك. ② خاتالاشماق، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەك.

❖ بەتخەجلىك ـــ ئىسراپخورلۇق.

❖ بىئەدەپ ـــ ئەدەپسىز.

❖ قورقاق ـــ قورقۇنچاق، نېمىلا بولسا قورقۇپ تۇرىدىغان.

❖ قورشاۋ ـــ مۇھاسىرە.

❖ قەبىھ ـــ كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان، رەزىل.

❖ قوللىماق ـــ قۇۋۋەتلىمەك، ھىمايە قىلماق.

❖ ياقلىماق ـــ قوللىماق، قۇۋۋەتلىمەك.



## 23. ئىككى قېرىنداش

ئەنەسنىڭ دادىسى جەڭدە شەھىد بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن جىمغۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى. دوستلىرىنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ئويناۋاتقانلىقىنى، دادىلىرىنىڭ ئۇلارغا دۇكاندىن ياخشى ئويۇنچۇق ۋە يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسە كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئەنەس يېقىن دوستى بىلالنىڭ بىر ئويۇنچۇق ئايروپىلاننى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك ئوينىغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىلالنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاداش، ئايروپىلانىڭنى مەنمۇ ئويناپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى. بىلال ئەنەسنىڭ بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى ـ يۇ، لېكىن دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— مەيلى، لېكىن بۇزۇپ قويما جۇمۇ، دادام بۇنى ماڭا تېخى يېڭىلا ئېلىپ بەرگەن، — دېدى. ئەنەس خۇشاللىقىدىن ماقۇل

بولۇپ، ئايروپىلاننى ئېلىپ ئويناشقا باشلىدى. ئەمما، يۇگۇرۇپ ئويناۋېتىپ بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىپ بۇرنى قاناپ كەتتى، ئايروپىلانمۇ يەرگە چۈشۈپ قانىتى سۇنۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن بىلال يۇگۇرۇپ بېرىپ ئايروپىلاننى يەردىن ئالدى ۋە:

— مەن ساڭا بۇزۇپ قويما دېگەنغۇ!؟ ئەمدى مەن دادامغا نېمە دەيمەن؟ تۆلەپ بەر! — دەپ ئەنەسكە ۋارقىراپ، قوپاللىق قىلىشقا باشلىدى. ئەنەس خىجىل بولۇپ:

— خا... خاپا بولمىغىن ئاداش، مەن... مەن قەستەن قىلمىدىم، — دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى.

يىراقتىن بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالغان بىلالنىڭ دادىسى خالىد ئاكا ئەنەسنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىمىدىكى توپا ـ چاڭنى قېقىپ، بۇرنىدىكى قاننى سۈرتۈپ قويدى ۋە بالىسى بىلالغا:

— ئوغلۇم، دوستۇڭغا بۇنداق قوپال گەپ قىلغىنىڭ قەتئىي ياخشى بولمىدى. بىز يەۋاتقان ياخشى تاماقلار ۋە بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ئاللاھ تائالا بىزگە دوستۇڭ ئەنەس سەۋەبلىك ئاتا قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تائالا سىلەرگە پەقەت شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبىدىنلا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە رىزىق بېرىدۇ» دېگەن. ئەگەر سەن دوستۇڭنى خارلىساڭ، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىپ بوزەك قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېغىر جازالايدۇ. ئۇنىڭغا

قانچىلىك ياخشىلىق قىلساڭ، ئاللاھ تائالامۇ سېنى شۇنچە ئەزىز قىلىدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىلال ناھايىتى خىجىل بولدى ۋە قېرىندىشى ئەنەسكە:

— خاپا بولمىغىن ئاداش، مەن خاتا قىپتىمەن، رازى بولغىن، بۇندىن كېيىن ئويۇنچۇقلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەڭ ئوينايلى، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنەسمۇ:

— ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن! — دەپ دۇئا قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەنەس بىلەن بىلال تېخىمۇ ياخشى قېرىنداشلاردىن بولۇپ كەتتى. بىلال دادىسى ئېلىپ بەرگەن ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئەنەس بىلەن تەڭ يېدى، ئويۇنچۇقلارنى تەڭ ئوينىدى.



# كۆنۈكمە

1. خالىد ئاكىنىڭ سۆزىنى مۇئەللىمىڭلار ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە ئاڭلاپ يېزىپ بېقىڭلار.

2. تېكىستنى ئۈز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئەنەس قانداق ئىشلارنى كۆرگەندە كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى؟

(2) بىلال ئەنەسكە نېمە ئۈچۈن ۋارقىراپ، قوپاللىق قىلدى؟

(3) خالىد ئاكا ئوغلى بىلالنىڭ ئەنەسكە ۋارقىراپ، قوپاللىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قانداق قىلدى، ئاندىن بىلالغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلدى؟

(4) بىلال دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەنەسكە نېمە دېدى ۋە قانداق قىلدى؟

4. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) ئەنەسنىڭ دادىسى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات تېپىپ كەتكەن. (  )

(2) ئەنەس ئايروپىلاننى قەستەن بۇزۇۋەتتى. (  )

(3) ئەنەس ئەسكىلىك قىلىپ ئايروپىلاننى تولەپ بەرمىدى. (  )

(4) ئاللاھ تائالا بىزگە ئاجىز كىشىلەر سەۋەبىلىك نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە رىزىق بېرىدۇ. (  )

(5) بىلال ئەنەستىن كەچۈرۈم سورىمىدى. (  )

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار.

ئويۇنچۇق: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

ئەنسىرىدى: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

سەۋەبىدىنلا: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

قوپاللىق: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

ياخشىلىق: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

6. بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.

ئۈلگە:

ئەنەسنىڭ ئويۇنغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئەنەسنىڭ ئۇ ئويۇنچۇقلارنى بەك ئوينىغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئەنەسنىڭ ئۇ ئويۇنچۇقلارنى بەك ئوينىغۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن خىجىل بولۇپ سورىيالمىدى.

(1) خالىد ئاكا نەسىھەت قىلدى.

________________________________.

________________________________________

____________________.

(2) ئاللاھ تائالا رىزىق بېرىدۇ.

________________________________.

________________________________________

____________________.

(3) ئاللاھ ئەزىز قىلىدۇ.

________________________________.

________________________________________

__________________________.

7. دادىسى يېنىدا ئەمەس ياكى شەھىد بولۇپ كەتكەن دوستلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىملىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار. (يۇقىرىقى تېكىستتە سۆزلەنمىگىنى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.)

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ جىمغۇر — جىق گەپ قىلمايدىغان، كەم سۆز.

❖ كۆڭلىنى ئايىماق — خاپا قىلماسلىق، رەنجىتمەسلىك.

❖ قوپال — گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى سىلىق ئەمەس، كىشىلەرگە قاتتىق تېگىدىغان.

❖ نۇسرەت — ① ياردەم؛ ② غەلىبە.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشنى يادلىۋېلىڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يېتىمنى خارلىما» (سۈرە زۇھا 9 ـ ئايەت).

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «يېتىمنى سىلكىمە، دىلىغا ئازار بەرمە، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ، مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكىن».



## 24. ئاكا ـ ئۇكا

ئاكا ـ ئۇكا بىر كۈنى،
قالدى قاتتىق ئۇرۇشۇپ.
بىر ـ بىرىنى سۆكۈشتى،
دېۋەيلىشىپ تۇرۇشۇپ.

لېكىن ئۇلار كەچقۇرۇن،
ئۇخلىدى بىر ئورۇندا.
ئۇرۇشقاننى ئۇنتۇدى،
ئەتىگىنى تۇرغاندا.

چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان،
ئاداۋەتنى بىلمەيدۇ.
ئاللاھ مەمنۇن بولسۇن دەپ،
ئۆچمەنلىكنى تاشلايدۇ.

## كۆنۈكمە

1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

2. شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى يادلىۋېلىڭلار.

3. بۇ شېئىرنى راۋان جۈملە شەكلىدە ئىپادىلەپ يېزىپ بېقىڭلار.

4. شېئىردا ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بوغۇمغا ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار:

دېۋەيلىشىپ:

ئۇرۇشقانىنى:

ئۇنتۇدى:

ھېچقاچان:

مەمنۇن:

6. تۆۋەندىكى ئىككى قۇردىكى سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| مەمنۇن | تۇتماق |
| ئەتىگەن | قالماق |
| ئۇرۇشۇپ | بولماق |
| ئاداۋەت | قوپماق |
| بىللە | ئولتۇرماق |

7. «مېنىڭ ئاكام»، «مېنىڭ ئۇكام»، «مېنىڭ ئاچام»، «مېنىڭ سىڭلىم» دېگەن تېمىلاردىن خالىغان بىرىنى تاللاپ بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

❖ سۆكۈشمەك — بىر ـ بىرىنى ھاقارەت قىلىشماق، ئۆزئارا تىللاشماق.

❖ دېۋەيلەشمەك — بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ ھەيۋە قىلىشماق.

❖ ئاداۋەت — كۆڭلىدە باشقىلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەدە بولۇش.

❖ ئۆچمەنلىك — باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قېلىش.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاندىن دەپتىرىڭلارغا توغرا ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

❖ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆچمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئاداۋەت ساقلىماڭلار، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشمەڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا ئاداۋەت ساقلاپ گەپ قىلماي، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى (مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى) ھالال ئەمەس» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

❖ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئىشىكلىرى دۈشەنبە بىلەن پەيشەنبە كۈنى ئېچىلىدۇ. بۇ كۈنى ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەربىر بەندىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. لېكىن، بىر كىشىنىڭ دىنىي قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەتى بولسا: <بۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار، بۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار> دېيىلىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «قوغدىماق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ( )

ئا: كۈچلەنمەك.

ئە: ھىمايە قىلماق.

ب: ياساپ چىقماق.

(2) ئەنەس نېمە ئۈچۈن جىمغۇرلىشىپ كەتتى؟ ( )

ئا: چۈنكى ئەنەسنىڭ دادىسى جەڭدە شەھىد بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشاش دادىسى يوق ئىدى.

ئە: ئەنەسنىڭ ئاپىسى ئەنەسنى بىلال بىلەن ئوينىغىلى قويمايتتى.

ب: ئەنەسنىڭ دادىسى ئەنەسكە ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمەيتتى.

(3) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى قايسىسى خالىد ئاكىنىڭ سۆزى ئەمەس؟ ( )

ئا: بىز يەۋاتقان ياخشى تاماقلار ۋە بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ئاللاھ تائالا بىزگە دوستۇڭ ئەنەس سەۋەبلىك ئاتا قىلغان.

ئە: مەن ساڭا بۇزۇپ قويما دېگەنغۇ!؟ تۆلەپ بەر!

ب: ئەگەر سەن دوستۇڭنى خارلىساڭ، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىپ بوزەك قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېغىر جازالايدۇ.

(4) «ياخشىغا ياخشىلىق يارىشىدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى: ( )

ئا: ياخشىلىقنى پەقەت ياخشى ئادەملەرلا قىلىدۇ، يامان ئادەملەر ياخشىلىق قىلسا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئە: ياخشى كىشىلەر «ياخشىلىق» دېگەن ماركىدىكى كىيىملەرنى كىيىشى كېرەك، باشقا كىيىملەرنى كىيسە ئۇچىسىغا ياراشمايدۇ.

ب: ئەگەر سەن ياخشى ئادەم بولاي دېسەڭ، كىشىلەرگە ھەر دائىم ياخشىلىق قىلغىن، يامانلىق قىلما، ياخشىلىق قىلىش تولىمۇ گۈزەل بىر ئەخلاقتۇر.

(5) «ئاكا ـ ئۇكا» دېگەن شېئىرنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى: ( )

ئا: بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرى بىلەن بىللە ئوينىمىغان.

ئە: بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرغاندا بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئاداۋەتنى پۈتۈنلەي تۇگەتكەن.

ب: ئۇلار ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىشمىغان.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) «ھەل قىلالماي ھېچبىر ئىش سەن،

يۈرۈۋەردىڭ ياز، كۈز، قىش سەن» دېگەننىڭ مەنىسى «ھۇرۇنلۇق قىلىپ، ھەر كۈنى ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزۈپ، يا كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزىدىغان، يا ئۆزۈڭگە پايدا يەتكۈزىدىغان ھېچقانداق بىر ئىش قىلالمىدىڭ» دېگەنلىكتۇر.

( )

(2) «قاقباش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «بېشى ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرۇۋېرىپ قۇرۇپ قاق بولۇپ كەتكەن» دېگەنلىكتۇر.

( )

(3) «ئەمما، يۈگۈرۈپ ئويناۋېتىپ بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىپ بۇرنى قاناپ كەتتى، ئايروپىلانمۇ يەرگە چۈشۈپ

قانتى سۈنۈپ كەتتى» دېگەن جۈملە «ساۋاتسىزلىق» ناملىق تېكىستتىن ئېلىنغان. ( )

(4) «سەۋەبىدىنلا» دېگەن سۆز 10 ھەرپتىن تۈزۈلگەن، بەش بوغۇملۇق سۆزدۇر. ( )

(5) «يېتىمنى خارلىما» (سۈرە زۇھا 9 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى «يېتىمنى سىلكىمە، دىلىغا ئازار بەرمە، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ، مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكىن» دېگەنلىكتۇر. ( )

3. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار:

(1) چوڭلارنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكلەرگە كۆيۈنمىگەن كىشى ______ بولالمايدۇ.

(نوچى / مۇئمىن / ئۇچقۇچى)

(2) ئەگەر مەن ئاللاھ ______ بولىدىغان ئىشلارنى قىلسام، ئاللاھ مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

(يامان / ھۇرۇن / رازى)

(3) ئاللاھقا ۋە ______ كۈنگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.

(ئاخىرەت / دۈشەنبە / ئارام)

(4) يامان بىلەن دوست بولما، يامان دوست سېنى ______

يولدىن ئازدۇرىدۇ.

(چوڭ / توپا / توغرا)

(5) ئۆچمەنلەشمەڭلار، ______ قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئاداۋەت ساقلىماڭلار.

(ياخشىلىق / ھەسەت / ناۋايلىق)

4. تۆۋەندىكى ئىككى قۇردىكى سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار، ئاندىن ھەربىر تۇتاشتۇرۇلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

| | |
|---|---|
| ياخشى | ئۆگىنىش |
| بىلىم | قويۇش |
| دىننى | دوست |
| بۇزۇپ | قوغداش |
| ئاداۋەت | ساقلىماسلىق |

______________________________.

______________________________.

______________________________.

______________________________.

______________________________.

5. تۆۋەندىكى شەكىللەر بويىچە ئالدى ـ كەينىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

________ ئىسلامنى ________________.

________ ئىسلامنىڭ ________________.

________ ئىسلامغا ________________.

______ دائىم __________، لېكىن __________.

______ بىردەم __________، بىردەم __________.

6. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىپ، جۈملىنى قايتا يېزىپ چىقىڭلار:

مەسىلەن:

ئەقىللىق كىشى پەقەت راست گەپنىلا سۆزلەيدۇ.

ئەقىلسىز كىشى پەقەت يالغان گەپنىلا سۆزلەيدۇ.

(1) ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، ئاللاھ تائالا سېنى ئەزىز قىلىدۇ.

______________________________.

(2) سەن چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغىن.

______________________.

(3) قېرىنداشنى قوغدا.

____________.

7. ئۆگىنىپ ئۆتكەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) «ئاللاھىم ماڭا،

ھەمراھ قىپ سېنى،

ئۆگەتتى ئەخلاق،

ئىمان ـ ئىسلامنى.» دېگەن كۇپلېت قايسى شېئىردىن

ئېلىنغان؟ بۇنىڭدا نېمە مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟

______________________________________________

______________________________________________

______________________________.

(2) «ئىككى قېرىنداش» دېگەن تېكستتىن سىز نېمىلەرنى

بىلىۋالدىڭىز؟

______________________________________________

______________________________________________

______________________________.




1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ» ناملىق تېكىستتە ( )

ئا: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر غاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولغانلىقى سۆزلەنگەن.

ئە: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچ قالغان بالىلارغا تاماق ئېتىپ بېرىپ، ئاندىن ئۆزى يېگۈزۈپ ئۇخلىتىپ قويغانلىقى سۆزلەنگەن.

ب: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زالىم پادىشاھنى مات قىلغانلىقى سۆزلەنگەن.

(2) «ئۇنداقتا مەن ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن مۇسىبىتىگە رازى بولىمەن ھەمدە كېسىلىم سەۋەبلىك ماڭا ساۋاب ئاتا قىلىشىنى

ۋە كېسىلىمگە شىپالىق بېرىشىنى سورايمەن» دېگەن بۇ جۇملە
( )

ئا: «كېسەل يوقلاش» ناملىق تېكىستتىن ئېلىنغان.

ئە: «ئىككى قېرىنداش» ناملىق تېكىستتىن ئېلىنغان.

ب: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» ناملىق تېكىستتىن ئېلىنغان.

(3) «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر» دېگەن ( )

ئا: ئايەت

ئە: ھەدىس

ب: ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

(4) سادىر پالۋان بولسا ( )

ئا: ساھابە

ئە: كاتتا دىنىي ئالىم

ب: باتۇر مۇجاھىد

(5) «سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم»نىڭ مەنىسى ( )

ئا: ئاللاھ ئۇنىڭغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن.

ئە: ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن.

ب: ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن.

(6) تۆۋەندىكى جۇملىلەردىن قايسىسى توغرا؟ ( )

ئا: بىز تېخىمۇ بىلىملىك بولۇشىمىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنمەي، چوقۇم چەتئەل تىلى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئە: سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى سەبەئ دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولمىدى.

ب: ھەرقانداق ئىشنى «بىسمىللاھ» دەپ باشلاش مۇسۇلماننىڭ ياخشى خىسلىتىدۇر.

(7) «دوستلار ھەققى» ناملىق شېئىر ھەققىدە ئېيتىلغانلاردىن خاتاسى ( )

ئا: ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سالام قىلىش ۋە كېسەل بولسا يوقلاش ــــ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

ئە: مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ئالتىدۇر.

ب: گۇناھ ـ مەئسىيەتكە چاقىرغاندا ماقۇل دېيىش ــــ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) سۇمەييە ئانىنىڭ باللىرى ئەقىللىق ۋە كۆيۈمچان بولسىمۇ، ئەمما تولىمۇ ھورۇن ئىدى. ( )

(2) بىزنىڭ مۇئمىن ـ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېئمىتىدۇر. ( )

(3) «ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ» ناملىق تېكستتە مۇستاپا ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپكە كېلەلمىگەنلىكى ۋە ئەلىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلىكى سۆزلەنگەن. (   )

(4) «سۇبھانەللاھ» نىڭ مەنىسى ــــ «ئاللاھ پاكتۇر» دېگەنلىك بولۇپ، ئادەتتە بىرەر ئىشقا ھەيران قالغاندىمۇ ئىشلى تىلىدۇ. (   )

(5) مۇسۇلمان پەرزەنتى قەيسەر ۋە چىدامچان بولسىلا بولدى، نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. (   )

(6) «بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلار بولسا ئۆلگىچە يادىڭىزدا ساقلاڭ، سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ» دېگەن جۈملە «ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى» ناملىق تېكستتىن ئېلىنغان. (   )

3. ئۆگەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

(1) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنتايىن ________ كەتكەنلىكتىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ______ قالدى.

(2) ئەگەر بىز ئانىمىزغا ھەر ۋاقىت ________ قىلساق، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەمدە بولساق ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە

قىلساق، ئاللاھ تائالا بىزنى ________كە كىرگۈزىدۇ.

(3) ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا بىرەر ________ يەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى ________ يوپۇرماقلىرىنى تۆككەندەك تۆكۈۋېتىدۇ.

(4) سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايال پادىشاھقا خەت يېزىپ كەمتەرلىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ________غا دەۋەت قىلدى.

(5) ھەر ۋاقىت ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئاللاھ ________ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز، ھەربىر ئىشىمىزدا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ________گە ئەگىشىشىمىز كېرەك.

4. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇشۇ خىل شەكىلدە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئاللاھ تائالا گەرچە نۇرغۇن كاپىرلارغا بۇ دۇنيادا ياخشى كۈنلەرنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ياخشىلىقلارنى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.

________ گەرچە ________ بولسىمۇ، ئەمما ________ ئۈچۈن، ________.

(2) مۇسۇلمان قېرىندىشىڭغا قانچىلىك ياخشىلىق قىلساڭ،

ئاللاھ تائالامۇ سىنى شۇنچە ئەزىز قىلىدۇ.

__________ قانچىلىك __________،

__________مۇ __________.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مەنىسىنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

| | |
|---|---|
| جەسۇر | مەمنۇن بولۇش |
| تەلپۈنمەك | قەيسەر |
| ھىدايەت | خۇشاللىق |
| رازى بولۇش | ئىنتىلمەك |
| شادلىق | توغرا يول |

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەلەپ بويىچە ئايرىپ چىقىڭلار.

(1) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئۆزئارا مەنداش بولغان سۆزلەرنى بىر سىزىق ئۈستىگە يېزىڭلار.

بىرلىك، تەس، چىرايلىق، ئوبدان، ئىتتىپاقلىق، مۈشكۈل، گۈزەل، ياخشى، ئۆز، ئىناقلىق، قىيىن، بەلەن.

__________.

__________.

__________.

__________.

(2) تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئۆزئارا قارىمۇقارشى مەنىلىك

سۆزلەرنى بىر سىزىق ئۈستىگە يېزىڭلار.

كېچە، هالال، ئاق، كۈچلۈك، تاتلىق، قارا، كۈندۈز، ئاجىز، ئاچچىق، هارام.

______ بىلەن ______.

______ بىلەن ______.

______ بىلەن ______.

______ بىلەن ______.

______ بىلەن ______.

7. تۆۋەندىكى تىنىش بەلگىلىرىگە ئاساسەن تۆت جۈملە تۈزۈڭلار:

____________________.

______، ______، __________.

____________________؟

____________________!

8. بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.

ئۈلگە:

ئاللاھ رازى بولىدۇ.

ئاللاھ تەقۋادار بەندىسىدىن رازى بولىدۇ.

ئاللاھ هەر ۋاقىت ياخشىلىق قىلىدىغان تەقۋادار بەندىسىدىن

رازى بولىدۇ.

(1) مەن ئامراق.

____________________.

________________________________.

(2) مەن ئاڭلايمەن.

____________________.

________________________________.

(3) مۇسۇلمان كىشى ياخشىلىق قىلىدۇ.

____________________.

________________________________.

9. زېھىن سىناش ئويۇنى ئوينايلى.

شوپۇرنىڭ ئەقتىدارى

ئاسماندا ئايمۇ يوق، يۇلتۇزمۇ يوق ئىدى. بىر ماشىنا چىرىغىنىمۇ ياندۇرماستىن قاپقارا تاشيولدا ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى. تويۇقسىز ئاڭلانغان «شالدىر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، شوپۇر ماشىنىسىنى تورمۇزلىدى ـ دە، ماشىنىدىن چۈشۈپ يەردە ياتقان بىر پارچە قارا لاتىنى ئېلىۋېتىپ يەنە يولنى داۋاملاشتۇردى.

ئەقىللىق بالىلار، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، شوپۇر يولغا چۈشۈپ قالغان قارا لاتىنى قانداق كۆرەلىگەن؟

**10.** ئۆز ئەھۋالىڭلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا يېزىڭلار.

(1) سىز بۇ مەۋسۇمدا نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟

(2) كېيىنكى مەۋسۇمدا قانداق ئۆگىنىسىز؟

(3) چوڭ بولغاندا نېمە بولۇش ئارزۇيىڭىز بار؟ نېمە ئۈچۈن؟

(4) سىز ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان كىتاب قايسى؟ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە مەزمۇن سۆزلەنگەن؟

(5) بۇنىڭدىن كېيىن سىز دىنىڭىزغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟

